ئەشك سەيلىن ئاقىزىپ تىترەپ ئۇزارى رەزد ئىلە.
دەھر بۇستانىغا كۆپ قويما كۆڭۈل، ئەي ئەندەلىب،
كىم ئاڭا بۇيى ۋەفا يوق يۈز تۈمەنمىڭ دەرد ئىلە.
ئەي ھۆسەينىي، ئۇيقۇ بىخۇدلۇق يېمەك غەمدۇر ماڭا،
تا نې بولغاي ئاقىبەت ھالىم بۇ خابۇ خۇرد ئىلە.





## ئەيزەن لەھۇ

ئوتقا ياندۇر سەرۋىنى ئول قەددى رەئنا بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى ئول رۇخسارى زىبىا بولماسا.
سەرۋ بىرلە گۈل تەماشاسىغا مەيلىم يوقتۇرۇر،
باغ ئارا ئول سەرۋى گۈل رۇخدىن تەماشا بولماسا.
نىگە سەفلەر چەكتى مۈژگاندىن ئەگەر جان مۈلكىگە،
كۆزلەرىنىڭ مەيلى مەردۇم قەتلى يەغما بولماسا.
بولماغاي ئەردى جۇنۇن دەشتىدە سەرگەردانلىغىم،
زۇلفى پىچۇ تابىدىن باشىمدا سەۋدا بولماسا.
گەۋھەرى مەقسۇدى تاپماق مۇمكىن ئەرمەس، ئەي كۆڭۈل،
كۆز ياشىڭ تا ۋەسل ئۈمىدى بىرلە دەريا بولماسا.
ساقىيا، مەي تۇتكى بەھر ئەندۇھىدىن بولماس خەلاس،
ھەر دەم ئىلكىمدە لەبالەب جامى سەھبا بولماسا.
ئەي ھۈسەينىي، بادە ئىچسەم يار ئىلىدىن تەڭدۇرۇر،
بولسا ئابى خىزرۇ ئۆمرى جاۋىدان يا بولماسا.

*　*　*

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن گۈلئايىم ياقۇپ شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا؛ ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2016 يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى)

(داۋامى كېيىنكىساندا)

مۇھەممەد موللا ئەلىي

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

**مۇھەررىردىن:** مۇھەممەد موللا ئەلىي 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلىرىمىزدىن بىرسى. مۇھەممەد موللا ئەلىينىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەندە ياشىغانلىقىنى، بۇ شېئىرلارنى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا 60 ــ 65 ياشلارغا كىرىپ قالغانلىقىنى، شائىرنىڭ غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. قول يازمىدىكى شېئىرلار ئىچىدە:

ئەي يارانلا، بىز ئۆلەرمىز يادىكار قالدى كەلام،
كىشىگە قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭۇ ئۇچيۈز قىرق بەش ئەردىكىم پەيەمبەر تەئرىخى،
بۇ كىتابى نەزمىكىم بولدى تامامى ۋەسسەلام.

دېگەن مىسرالار بار بولۇپ، بۇنىڭدىن قول يازمىنىڭ كىتاب قىلىنغان ۋاقتى ھىجرىيەنىڭ 1345 (مىلادىيەنىڭ 1926 ـ 1927) ـ يىلى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شائىر ئۆزىنىڭ ياش قۇرامى ھەققىدە «فەقىرۇل ـ ھەقىر، كەسىرۇل ـ قەسىر مۇھەممەد موللا ئەلىي ئۆز نەفسىگە خىتاب قىلىپ دېدىمكى...» دېگەن ماۋزۇ بىلەن باشلانغان شېئىرىدا:

بۇ تۇرلۇك ئىشنى قىلغان ھالەتىمدە سالىما ئاتمىش،
قىيامەت شىددەتىدىن قورقۇبان دائىم باشىم قاتمىش.

دېگەن مىسرالارنى يازغان: «سىفەتى مۇزەممەتى بەخىل» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا:

رۇبائىي ھەم مۇخەممەس نەزم قىلدىم بەيت توقسان بەش،
مۇھەممەد موللا ئەلىي ئۆزى ئەھقەر، سالى ئاتمىش بەش.

دېگەن مىسرالارنى يازغان. بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئالدىنقى شېئىرىنى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا 60 ياشتا، كېيىنكى شېئىرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا 65 ياشتا ئىكەنلىكى مەلۇم. شائىر مۇھەممەد موللا ئەلىينىڭ شېئىرلىرىدا مىلادىيە 1860 ۋە 1870 ـ يىللاردىكى رېئال ۋەقەلەر بىۋاسىتە تەسۋىرلەنگەنلىكىگە قاراپ، شائىرنىڭ شۇ مەزگىللەردە، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەندە ياشىغانلىقىنى بىلىمىز.

شائىر مۇھەممەد موللا ئەلىي شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىدىكى نامرات ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتىۋاتقان ئۇۋالچىلىقلىرى، بەگ، يۈزبېشى، مىراب قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرى غەزەپ بىلەن

پاش قىلىنغان. شائىر مۇھەممەد موللا ئەلىينىڭ شېئىرلىرى گەرچە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئىدىيەۋى خاھىش جەھەتتە نامرات ئەمگەكچى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ياقلىغانلىقى، رېئاللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ شېئىرلاردا ئىجتىمائىي ئادالەت، ھەققانىيەت، پاكلىق، مېھرىبانلىق، ئىناقلىق تەرغىب قىلىنىپ، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، پارىخورلۇق، مۇستەبىتلىك، جەبىر - زۇلۇم پاش قىلىنغان؛ رەھىمسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، ساختىپەزلىك، نادانلىق، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر قامچىلانغان. مۇھەممەد موللا ئەلىينىڭ شېئىرلىرىدىن 19 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زۇلۇم، نادانلىق، مۇستەبىتلىك، چىرىكلىك قاپلىغان ئومۇمىي ھالەتنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ يېزىلاردىكى سۇ تەقسىملەش جەھەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەر، ھاكىمبەگ، يۈز بېشى، مىرابلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكلىرى، چىرىكلىكى، پارىخورلۇقى بۇ شېئىرلاردا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېچىپ تاشلانغان. نامرات خەلقنىڭ ئاھۇ زارى، ئازاب - كۈلپەتلىرى، ئېچىنىشلىق تەقدىرى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. شۇڭا، مۇھەممەد موللا ئەلىينىڭ شېئىرلىرى ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى چۈشىنىشىمىزدە بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك رېئال ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرۇپ، دەۋرىمىزنىڭ گۈزەل ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تونۇپ يېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، موللا ئەلىي شېئىرلىرىدا يەنە ئەينى دەۋردىكى بەزى فېئودال ئىدىيەۋى خاھىشلارمۇ قىسمەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مۇنداق ئىدىيەۋى خاھىشلار دەۋرىمىزدە ئاللىقاچان كونىرىدى ۋە ئىستېمالدىن قالدى. مۇنداق تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، شاكىلىنى قويۇپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

شائىر موللا ئەلىينىڭ بۇ قول يازمىسى خوتەندىن تېپىلغان بولۇپ، نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ قولىدا ساقلانغان. بۇ قول يازما ماتادا قاپلانغان كارتون مۇقاۋىلىق، فورماتى 27 سانتىمېتىر × 17 سانتىمېتىر بولۇپ، باش قىسمىدىن 22 بەت يوقالغان، ئاخىرىمۇ تولۇق ئەمەس، ساقلىنىپ قالغان قىسمى جەمئىي 84 ۋاراق (168 بەت). بۇ قول يازما ئىچىگە موللا ئەلىي، ھۇۋەيدا، موللا سەئدۇللا، موللا قۇربان، موللا مۇھەممەدىن، خەستە قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە بۇ قول يازما ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن مۇھەممەد موللا ئەلىي شېئىرلىرىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

①.................................................

خۇجام ھەزرەتلەرىگە قۇل ئېرۇرمىز ھەممەمىز بولساق،
ئاياغ فايىناپ سۇ يەتمەيدۇ زىرائەتلەر قىلىپ ئالساق.

خۇجام ئايدى بازارلاردا رىيا ئىشلار تولا بولسا،
ۋەلېكىن خۇب ئەمەسدۇر بۇ ئۇلۇغ جايدا بازار قىلسا.
بۇ كۆل باشىدا، ئەزىزلەر، ئاستانە تۇفراغى بولسا،
بازاردا غەبىن، فاھىش، بىدئەت ئىشلار ھەم ۋۇقۇئ تاپسا.

ئۇلۇغ ئەمىر نىشان بىرلە ئەبدۇلجەلىلنى قىلدىلار ئاخۇند،
جەھاندىن فانىي بولغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن ئاخۇند.
ئانىڭ ئورنىغا بولدى ئوغلى ئەھمەد قىلدىلار ئاخۇند،
بۇ ئەرلەر فانىي بولغاندىن كېيىن بولدى ئەزىز ئاخۇند.
بەشىنچى چەرگەدە بولدى مۇھەممەدئەمىن ئاخۇنلۇق،

① بۇ شېئىرنىڭ باش قىسمى يازما نۇسخىدا يوقالغان.

تۇلا كىشىلەر بولۇپ ئالىم، ھەمىشە قىلدى دەرس خۇنلۇق.
بۇ ئالەم ھەممە ئەترافىغا تەمامەن تۇشتى يارۇغلۇق،
يىگىرمە يەتتە يىلدا بولدى مەدفۇن قىلدى ئاخۇنلۇق.

## كۆل باشداكى مەسجىدنىڭ قەدىم بىناسى

بىنا قىلغان ئىكەن باشدا بازارنى خەلق بىلەن ئىيدىباي،
ئۆزىنىڭ زەئمى بىرلەن ھەم يىغاچ ئۇزۇن، پۇتاق ئالماي.
سوراپ ئەركەن ئانى گىلكار سۇۋاق لايىغا سامان سالماي،
بۇ ئىش بەرباد بولۇپ كەتتى ھەمىن سائەت ئۇزاق قالماي.

## سىفەتى ئافاق خوجامنىڭ بەيانى

قازارا، باردىلار كاشقەر، تەماشا قىلدى قاسىمخان،
ھۇزۇرى دىل بىلە باردى زىيارەت ئەيلەدى سۇلتان.
ئانى كۆرگەن زەماندا زار يىغلاپ قىلدىلار ئەفغان،
دەرىغا، ۋادەرىغا، ھەسرەت ئەيلەپ، قالدىلار ھەيران.

نەسىب ئەتسە خۇدايىم مەنمۇ مەسجىد بەنا قىلسام،
قىلۇرمەن ئۇشبۇ ئىشنى خالىسەن، لىللاھ، ھەيات بولسام.
جانىمدىن ئۈزگەسىنى ھەق تەئالاغا فىدا قىلسام،
بۇ ئىش باقىي قالۇر ئەركەن بۇ يەرگە كەلمەگەن بولسام.

يارانلار، بىلسەڭىزلەر ئۇشبۇ ئىش مانەندى سۇلتاندەك،
سۇتۇنى زىرى پايى ھەم ئېرۇر مانەندى قافلاندەك.
سۇلەيمان مەسجىدى ئەقسا فەرىلەر نەقش قىلغاندەك،
كۆزۈڭ ئاچىپ قاراڭلار، ئۇشبۇ ئىشلار ئەرغاۋانىيدەك.

## رىيازەتى قاسىمخان

بۇ ئىش ۋابەستەدۇر ئاخىر، بىنا بولدى قاسىمخاندا،
تەمامى ھەرنە مالىن سەرف ئېتىپ لۇتفۇ ئىنايەتتە.
باشىغا سايەبان بولغاي قىيامەت ھەشرگاھىدا،
جەھاندا يادگار قالدى، كۆرەرسىز بۇ ئۇلۇغ جايدا.

ئەزىزلەر ئاستانە تۇفراغىنى تۇتىيا قىلغان،
كىشىنىڭ ھەددى ئەرمەس، مۇنچە ئىشنى قىلدى قاسىمخان.
مۇنى پۇتكەرسە كۆرگەيسىز، تەمامى رەڭمۇ رەڭ ئالۋان،

تەمامىيھا، خەلايىق، ئاۋۇرلاشىپ ھەر كۆڭلۈكى خەندان.

بۇ مىقدار ئىشنى قىلماقغا قاسىمخاندەك كىشى قايدا،
تەمامەن خىشتلارنى فۇشۇرۇپ ئوت بىرلە خۇمداندا.
بىھىممەت كىشىلەر تويغازۇر قورساقنى يومداندا،
ۋەلېكىن غەم قىلۇر قايداغ قىلۇرمىز ئۇشرە ـ ئالباندا.

رىيازەت تارتتى قاسىمخان ئەزان مەسجىد بىناسىغا،
كى ھاجەت بولمادى ھەرگىز ئۇرۇغ ـ تۇغقان قاياشىغا.
مۇرادىغا يېتەر ئاخىر بۇ قىلغان كارۇ بارىغا،
خۇدايىم رەھمەت ئەتكەي فەرزەرىش قىلغان ئاناسىغا.

بىنايى ھالىنى قىلدى قاسىمخان كارى سۇلتانلىق ،
قولىدا كۆپ ئېرۇر مالى بۇ ئىشنى قىلدى ئاسانلىق،
بۇ مۇشكىل ئىشنى قىلماقغا شىجائەت بىرلە غەيرەتلىق،
كىشىگە مەشۋەرەت قىلماي ئۆزى ـ ئۆزىگە دانالىق.

بۇ كۆلنىڭ باشىدا ھەركۆڭلۈكى بولدى نەۋا نەغمە،
بەلەند ھىممەت بىلە قىلدى خەلايىقلار سەبۇك ئەتمە.
ئاغىر ئىشنى قىلالماس دەپ، يارانلار، سەن خەيال ئەتمە،
دىلىدا ئىشق ئوتى كۆپدۇر، مۇغەننىي دەپ ھەۋەس ئەتمە.

بۇ ياخشىلىغ ئىشنى قىلماقغا قاسىمخاندەك كىشى ياخشى،
كىشىنىڭ ئىشقى يوقدۇر، ئۇ كىشىدىن ئەسبۇ خەر ياخشى.
دەۋا بولماس كىشىنىڭ رەنجىگە خەنجەر بىلەن باخشى،
ۋە لېكىن تىڭلاماقغا بۇل چۆل ـ بەياباندا غەزەل ياخشى.

سىتايىش ئەيلەدىم بىھەد، ئەقىداتلىغ قاسىمخاننى،
ئانىڭ فىكرى خەيالىدا ھەمىشە نەزم قىلماقنى.
دىلىمدىن كەتمەدى ھەرگىز بۇ ياخشىلىغ شەرھ قىلماقنى،
يانا تەرك ئەيلەدىم ھەرگىز كېچەلەردە ئۇيۇماقنى.

## سفاتى مۇزەممەتى بەخىل

قايان كەتتى بۇ فۇل، ئاش، نان، گۇمان قىلماڭ بەخىل بايدا،
كەفەك جۇغلاپ، سىقىپ ئاش ئەتتۇرۇپ ئىچكەن بەخىل بايدا.
قۇناقنىڭ مەردەكىنى فارچالاپ ئوت قالاغان بايدا،
ئۆيىدە يېمەگەي لۇقمە، ئانىڭ ھەلقى سىقىلغاندا.

يېمەي ـ ئىچمەي بەخىل دۇنيا كەفەكدە نان ئېتىپ يەرلەر،
قويۇنغا نان سالىپ ھەر يەرگە بارسا، ئانى ئۇلۇپ يەرلەر.
ۋە لېكىن بۇ ئىشىمنى خەلقى ئالەم بىلمەگەي دەرلەر،
ھەلاۋەتنى كۆرۈپ، مەغزىنى چاقغاي روھى دىيگەر ئەرلەر.

بەخىل ئۆيدىن چىقىپ قەسساب دۇكانغا قارلىغان چاغدا،
خەرىدار كەلسە ھەر ياندىن، بۇ قەسساب گۆشنى ساتغاندا.
تەۋەققۇف ئەيلەگەي بىردەم، ئىچىدىن ئوتلا ياناغاندا،
كېلىپ ئاشقەزخانا تۇشتىدا، نەفسى ئارام ئالغاندا.
بەخىل بولماق قىيىن، مۇشكىل، بۇ ياڭلىغ ئەيلەگەن چاغدا.

بۇ مەسجىد ئالىينى يافتى بەشئۆيلەن ھەر كۈنى ئىشلەپ،
ياتىپ ئاخشاملىقى بىر ـ بىرىنىڭ ھەسرەت قولىن تىشلەپ.
قوپارلار ئەرتەگەندە قولغا ئالغاي، ئىشلارىن فەيلەپ.
بۇلارنىڭ ئەجرىگە ھەرنەرسە بەرسە، ئالدىلار تەيلەپ.

بۇ ياڭلىغ ئىشلەدۇك بىز، ئەمدى ئۇچراشتۇق بۇ رەڭ بايغا،
بىرىنىڭ مەقسەدى دائىم نەزەر سالغاي تورۇق تايغا.
بىرىنىڭ كۆڭلىدە كەچكەي، قولۇم سۇنسام يېتەر ئايغا،
فۇشۇلداپ ياتغۇسىدۇر، ھەر كۈنى ئىچكەن قويۇق چايغا.

شەرىئەت ئەمرىنى تۇتماي يۇرۇرلەر بىخەبەر ئەللە،
يامان ـ ياخشىنى فەرق ئەتمەي، باشىغا چۈلغار يوغان سەللە.
خەلايىقدىن نامۇس قىلماي، ئۇماچ ئاشدىن ئالۇر زەللە،
ھەمىشە فىكر ئېتەرلەر، قولغا كەلسە تافسا بىر پەللە.

بۇ دۇنيا فانىي دۇنيا ھېچ كىشىگە باقىي بولمايدۇر،
خەبەردار بول، مۇسۇلمانلار، كىشى ئۆلمەي قۇتۇلمايدۇ.
بۇ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەي، غەمىڭنى قىل، بەرادەرلەر،
ئىبادەتسىز مۇسۇلمانلار تامۇغ ئوتدىن قۇتۇلمايدۇ.
خۇدانىڭ يولىدا ئىشلەپ مەسجىدۇ لەنگەر بەنا قىلساڭ،
ئۇشۇل قىلغان مەسجىد، لەنگەر سېنى مەھشەردە قولدايدۇر.

بۇ نەزم شەرھىنى قىلدىم خەلايىقلار ئوقۇپ باقسۇن،
خەتا سۆز بولسا ھەر يەردە ئۇشۇل يەرنى ئويۇپ ئەتسۇن.
شەرىئەتكە مۇۋافىق بولسا، مەھكەمە شەرئى مۇھۇر باسسۇن،
بىكار سۆز قىلمادىم ھەرگىز، باش ـ ئاياغىنى كۆرۈپ باقسۇن.

رۇبائىي ھەم مۇخەممەس نەزم قىلدىم بەيت توقسان بەش،
مۇھەممەد موللا ئەلىي ئۆزى ئەھقەر سالى ئاتمىش بەش.
مىڭۇ ئۈچيۈز يەنە قىرىق تۆرت بەنا بولدى ئۇشۇل مەسجىد،
بۇ كۆلنىڭ باشىدا بەرپا قىلىندى بۇ ئۇلۇغ مەسجىد.
قاسىمخانىنىڭ تىفەيلىدىن بىنا بولدى ئۇشۇل مەسجىد،
جەھاندا يادگار قالدى، كۆرەرسىز بۇ ئۇلۇغ مەسجىد.

**مەسجىدگە ئىبتىدائەن يىغاچ چىقارغان ھالەتتە دەرگاھى**
**ھەققە سىغىنىپ زارى تەزەررۇئ قىلغان مۇناجاتى**

خۇدايا، رەھمەتىڭ كۆپدۇر، بۇ ئىشنى قىلغۇمىز ئاسان،
سەنىڭكى رەھمەتىڭدىن بولدى مەمنۇن، سىددىقا، يۈزمىڭ جان.
بۇ يەردە تۇرغان ئەل «لا ھەۋلە» ئايتىپ بولدىلار تەرسان،
قەزاۋۇ ھەم خەتەردىن ساقلادى ئول قادىرى سۇبھان.

فەلەكدە توختاتىپ قويدى نەچە فاتمان يىغاچلارنى،
بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ نەچچەند بەلەند ھىممەت ئاداشلارنى.
رەفىقۇ ھەم يەقىن تۇغقان، يەنە قەۋمۇ قارىنداشنى،
يەنە تەييار قىلىپ تەبباخ، قازانلاردا تولا ئاشنى.

نە جانكىم، بولسا يۈزمىڭ جان دىل بىرلەن قىغان ئەيلەپ،
تەنابى رەسمۇن بىرلە چىقاردىلار كۇشىش ئەيلەپ.
مۇھەببەت ئىشق باردىن بۇ ياڭلىغ جان نىسار ئەيلەپ،
قويار يەرگە، تۇرار يەرنى دىلىدە ئىمتەھان ئەيلەپ.

تەۋەككۇلنى قىلىپ دائىم، ئەقىدە قىلدى ئاللاھغا،
بۇ ئىشنىڭ ۋەھمىدىن قورقۇپ، سىغىندى بىرۇ بارىغا.
ھەۋا ئۆزرە يىغاچلارنى ئاسىپ توختاتتىلار دارغا،
ئۇزاتسا قوللارى يەتمەس، ھەۋا ئۈستىگە بالاغا.

سۇتۇنى تۇدەئى بالانى توختاتغانغا ئەل ھەيران،
بۇ مۇجاڭ كارى ـ بارىغا تەمامى خەلقلەر خەندان.
يۇمۇپ كۆزنى ئاچىپ بولغۇنچە چىقتى بەلكى يۈزمىڭ جان،
كى يوق بىردەم كەنارە ئەل ئاراسىدىن ئاڭا دەرمان.

ئۈمىد ئۆزدى ئەگەرچەندىكى بۇ يالغانچى ئالەمدىن،
كىچىپ فەرزەند ئەيالىدىن، ئۆزۈلدى ھەم دىيارىدىن.
جانىم كەتسە رىزادۇرمەن بۇ قىلغان كارۇ بارىمدىن،
بىلىملىكلەر كۆزىدىن ئەيىبىدىن چىقسام بۇ كارىمدىن.

كىشىگە ئىشق تەگسە بولغۇسىدۇر ئاڭا غەم پەيدا،
ۋە لېكىن بولماغاي بىدەردلەرگە كۆزدە نەم پەيدا.
تەرىقى ئىشق ئارا ئىخلاس ئېتىپ كىرگەن ئەرەنلەرغە،
بولۇر ھەر گۇشەدە ئالدىدا ئىلياس، خىزىر ھەم پەيدا.

پەيەمبەرلەر مەدەد قىلسا، سەلامەت بولدى مۇشكىل ئىش،
قەزاۋۇ ھەم خەتەردىن ئاقىيەتدىن ھەر قاچان ھەر ئىش.
خەلايىقلار ئاراسىدا بولۇر ھەر نەۋئى مۇشكىل ئىش،
خەلاسلىق بەرمەسە ھەرگىز ئادا بولماس بۇ تۈرلۈك ئىش.

خۇدانىڭ يادىدا بولغان كىشىنىڭ ۋەھشەتى بولماس،
ئانىڭ فىكرى خۇدادۇر، ئۆزگە بىرلە ھېچ ئىشى بولماس.
تىلىدا زىكرى ھەق، كۆڭلىدە زەررە ۋەھمۇ غەم قىلماس،
ئاياغىغا تىكەن سانجىلسالار ھەم بىر قىيا باقماس.

قاسىمخان شەرھىنى دەفتەر قىلىپ خەتكە فىتىپ بولماس،
ئانىڭ ئەسرارىنى بىغەھملەرگە شەرھ ئېتىپ بولماس.
جۇدالىق خەنجەرى بىرلەن يۈرەكنى ئايرىتىپ بولماس،
يۈرەك زەخمىنى ئاچىپ بىدەردلەرغە كۆرسەتىپ بولماس.

كۇيۇڭنى ياستانىپ نابۇت بولغان خاكسالار كۆپ،
ۋىسالىڭنى تەلەب قىلغان ئىشىكىڭدە گەدالار كۆپ.
قىلالماسلار مۇرادىن ھەركىم ئاسانلىق بىلەن ھاسىل،
ئايا سالىك، بۇ يولغا نە مۇشەققەتلەر جەفالار كۆپ.

ئەجايىب كۆرگۈلۈك ئىشنى مۇيەسسەر قىلدى قاسىمخان،
مۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئەقلى ھوشىدىن كېتىپ ھەيران.
خىرام ئەيلەپ كىرەرگە ھەر ئىشىكدىن ھەر قايۇ ئىنسان،
ئىشىكىدۇركى رەھمەتدىن ئاچىلدى، ئەي مەھى تابان.

كەرىما، رەھمەتىڭنى ئۇشبۇ بەندەڭگە ئەتا ئەيلە،
بېرىپ جامى مۇھەببەتدىن ئۆزۈڭگە ئاشنا ئەيلە.
ئانىڭكى ئەجرىگە قۇربۇ ئەلەل ـ ئەرش ئۇستۇۋا ئەيلە،
كى دەۋلەت شىيشەسى تولغاندا، سىندۇرماي ئەدا ئەيلە.

يېتەر مەقسۇدىغا ھەركىمكى قىلسا خاس نىيەتنى،
قولۇڭدىن بەرمەگىل چۇن سەن ئىنانى ئادەمىيەتنى.
قايۇ سالىك ھەمىشە ئىزدەگىل ئەھلى جەمائەتنى،
رەسۇلى مۇجتەبا ئانھەزرەتىم قىلغاي شەفائەتنى.

كېلۈرلەر ھەرتەرەفدىن ئۈشبۇ مەسجىدكە جەمائەتلەر،
جەمائەت قانچە كۆپ بولسا، فەزىلەتتۇر ئىبادەتلەر.
غەمۇس ئولغاي خۇدانىڭ رەھمەتىگە بۇ جەمائەتلەر،
ھىدايەت تاپسالار قارىي بۇ مەسجىددە تىلاۋەتلەر.

كىشى كاھىل نەماز بولسا بۇ مەسجىدكە بولۇر داخىل،
ئەدا قىلسا نەمازىن، ئىككى ئالەمدە بولۇر فازىل.
ئۆتەپ چىقسا كىشى بۇ مەسجىدىدە ھەم نەماز نافىل
بۇ دۇنيا تاڭلا مەھشەردە يېتەر مەقسۇدىغا ۋاسىل.

*    *    *

ئەي يارانلا، بىز ئۆلەرمىز يادىكار قالدى كەلام،
كىشىگە قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ ئۈچيۈز قىرىق بەشى ئەردىكىم پەيەمبەر تەئرىخى،
بۇ كىتابى نەزمىكىم بولدى تامامى ۋەسسەلام.

*    *    *

خەيرى قىل يا خەيرىگە بولغىل دەلىل،
تابغاسەن بىشەك سەۋابنى، ئەي جەمىل.

ياخشىلىق كۆرگۈڭدۇر گەر ياخشىلىق ئەتسەڭ ھۇنەر،
ۋەر يامانلىغ ئەيلەسەڭ كۆرگۈڭ يامانلىقدىن بەتەر.

فەقىرۇل ـ ھەقىر كەسىرۇل ـ قەسىر مۇھەممەد موللا ئەلى ئۆز نەفسىگە ئۆزى خىتاب قىلىپ دېدىمكى، مۇنچە تەشۋىشۇ رىيازەت تارتىپ، كاغەز يۈزىنى قارا قىلىپ جانكەندىلىك قىلغانىمدىن نە ئىش ھاسىل بولۇر دەپ، ئۆمرىنىڭ بىبەقالىقىنى، دۇنيانىڭ بىۋەفالىقىنى كۆردۇم ۋە بىلدىم. بۇ ئالەمنىڭ دەۋلەت، ئىززەت، ھۆرمەتىنىڭ مەھاسىلىنى ئانچە چاغلادىمكى، بۇ دۇنيا ھېچ كىشىگە ۋەفا قىلغانى يوقتۇر، نەزم:

ئەقىداتلىغ يارانلار ئۆمرىدىن زەررە بەيان ئەتمىش،
باشىغا كەلگەنىن بىر ـ بىر تىزىپ رەۋشەن ئەيان ئەتمىش.
ياشىڭ ئاتمىشدىن ئۆتسە ساچ ـ ساقالىڭ ئاق نەغام بولمىش،
قاچان ئاتمىشدىن ئۆتسە خەلقى ئالەم ئىچىدە يوقمىش.

ئۆتۈپ كەتسە سېنىڭ ئۆمرىڭ نەبىينىڭ ئۆمرىدىن ئارتۇق،
قۇۋانما، ئەي زېھىي نادان، سېنىڭ ئۆمرىڭ تەمام بولمىش.
ياشىڭ ئەللىكدە بولسا، شەھ بولۇرسەن، ئەي قەدى زىيبا،
سەئادەت بوستانى، دەۋلەتى نىئمەت ساڭا بولمىش.

ھەيات ئەرمەس كىشى يەتمىشدىن ئۆتسە، ھەرقاچان، دوستلار،
مىسالى جەددى پاكى بەرگىدىن يافراغ خەزان بولمىش.
تەماننا قىلماڭىزلار بۇ سىفەتلىك بولغان ئادەملەر،
بۇ دۇنيا راھەتى ھەم لەززەتىدىن بىنەسىب قالمىش.

يۇمۇپ كۆزنى ئاچىپ بولغۇنچە تۇرماس بۇ ئەزىز ئۇمرىڭ،
غەنىمەت بىل بۇ ئۆتكەن ئۇمرىنى ھەرگىز ۋەفا قىلمىش.
خەبەردار بول، مۇسۇلمانلار، بۇ ئالەمنىڭ ۋەفاسى يوق،
ھەيات ئەرمەس ئانى بىلسەڭ، ئەجەل ئىلكى ياقاڭ تۇتمىش.

ئەگەر مەجلىس تۈزۈپ ھەردەم ھەياتلىقنى تەلەب قىلساڭ،
كۈشىش ئەيلەپ سىنىڭ يارانلارىڭ تەئجىل بىلە گاۋ مىش.
رەقىبلەر چۇن بەھارى فەسلىدە ئاچىلدىلار گۇلدەك،
نە بولغۇم مەن خەزان ئەمدى، گەدا ياڭلىغ ناۋا قىلمىش.

دەرىغا، ھەيفكىم، بارغان سەندىنكى ئۇمرى يانمايدۇ،
ئاڭا بىھۇدە ئەفسۇس يېمىگەيسەن تا تىرىك بولمىش.
دېمەگىل مۇندا، ئەي غافىل، تۇرارنى ئىختىيار ئەتمە،
كېرەك ئەرنىڭ ئەرى بۇ يولدا چەندان قايرابان كەتمىش.

ئىچىم قايغۇغا كۆپ تولدى، قەرارىم قالمادى زەررە،
كۆڭۈل تەسكىن بولغاي دەپ، سەھەرلەردە فىغان قىلمىش.
گۇناھىم دەردىدىن ھەردەم كۆزۈم ياشىن رەۋان ئەيلەپ،
كۆڭۈل باغىن سۇغارتىپ، سەبزە ئەيلەپ بوستان قىلمىش.

بولاي دېسەڭ ئامان تاڭلا قىيامەت ئافتابىدىن،
بەخىل بولما ئەل ئىچرە ساھىبى جۇدۇ سەخا بولمىش.
مەلائىكلەر سەۋالىغا جەۋاب ئاسان بېرەي دېسەڭ،
تىلىڭنى ساقلا غەيبەتدىن ئەل ئىچرە كەم نەما بولمىش.

بۇ دۇنيا راھەتىنى خوشلاما بىردەم نە سائەتدۇر،
ئىبادەت قىل قىيامەت راھەتىنى ئارزۇ قىلمىش.
بارىپ ئىلكىڭ قۇرۇغ مەھشەر كۇنى بىئابرۇ بولما،
ھەمىشە راستلىغ ئەيلەپ، كىشىگە ياخشىلىق قىلمىش.

بۇ قىلغان مالۇ مۇلكىڭگە قۇۋانما، بىر كۇنى تاشلاپ
كېتەرسەن يۇز تۇمەن ھەسرەت بىلەن، دۇنيا ئادا بولمىش.
ھەمىشە غەم قىلىپ سەن موللا ئەلى نەزملەر قىلدىڭ،
كۆزۈڭ ئاچىپ قاراغىلكىم، ھەمە ئەھلى جەھان كەتمىش.

* * *

بۇ تۈرلۈك ئىشنى قىلغان ھالەتىمدە سالىما ئاتمىش،
قىيامەت شىددەتىدىن قورقۇبان دائىم باشىم قاتمىش.

كىشىنىڭ ئەيبىغە كۆز سالماڭىزلار ھەرقاچان، دوستلار،
باشىدا يۈز تۈمەن سەۋدا قىلالماس دەپ خەخال ئەتمىش.

يارانلار، بىلسەڭىزلەر، ئۇشبۇ ئالەمدە ۋەفا يوقتۇر،
ۋەفا ئەھلى كېتىپدۇر، بۇ جەھاندىن نائۇمىد بولمىش.

كەل، ئەي جانۇ كۆڭۈل، ئەھلى ۋەفا ئىزدەپ جەھان ئىچرە،
جەھانە بىۋەفادۇر، ئەھلىغە ھەم ئىئتىماد ئەتمىش.

ۋەفا ئەھلى دېسە، ئانىڭ سۆزىگە ئىئتىقاد ئەتمە،
ۋەفا كۆز تۇتماغىل ئەلدىنكى، ئالەمدىن ۋەفا كەتمىش.

دەرىغا، ئەي مۇسۇلمانلار، نېتەي، ئادەم قايان كەتتى؟
ئاتا جانىغا نە دەپ سالىبان شۇرۇ فىغان كەتمىش.

قولۇڭدىن كەلسە دائىم خەيرۇ ئېھسان تۇشە ئۇقبا قىل،
تىلىڭ بىرلە قولۇڭدىن كەلگەنچە ياخشى ئىش قىلمىش.

زەنۇ فەرزەندۇ مالىڭدىن ساڭا زەررە ۋەفا يوقتۇر،
يەقىن بولدى، بەرادەرلەر، سېنىڭ ئاياغلارىڭ چاتمىش.

ساقالىڭ ئاقىنى كۆرگىل، ئاقاردى نېدىن، ئەي نادان،
نىشانە مەرگى دەپ يىغلاپ، كۆزۈمنى ياش جۇ قىلمىش.

دەرىغا، ھەيف، ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
قىلۇر ئۆلگەندىن سوڭ ھەر نېچۇك ئادەم قەدەر بولمىش.

فەلان شەيخۇ فەلان سوفى، دېگەيلەر بولماغىل مەغرۇر،
بۇ شۇھرەتدىن ساڭا ئافەت قىلۇر نەفسىڭ ھەۋا بولمىش.

ئۆزۈڭگە نازىش ئەتمە ئەل ئارا ئىبنى فەلان مەن دەپ،
نەچە ئىبنى فەلانغە بولدى يەر ئاستىدا جاي بولمىش.

ئىلاھا، مەغفەرەت قىلغىل بۇ ئاسىينىڭ گۇناھىنى،
ئىجابەت قىل دۇئاسىنى، گۇنەھدىن ساقلا، غەم قىلمىش.

جەھان ئەفسانەسى كۆپدۇر، ئانى قىلسام ئەدا بولماس،
تەمامىنى يىغىپ بىر مەئنە بىرلە مۇختەسەر قىلمىش.

مۇھەممەد موللا ئەلى، سەن تەمەننا قىلماغىل ھەرگىز،
قولۇڭدىن كەلمەسە ھىچ ئىش، بۇ دۇنيادىن قۇرۇق كەتمىش.

* * *

ئاياغ ئۇرفە تۇگۇرمەن باشى قىزىلچە مازارەت ئازىنە مەسجىد تولا ۋەيرانە بولۇپ كېتىپ، مەسجىدى مەزكۇرنىڭ ھەققى ھەم سايەلەرى بىر ئەھيا قىلىپ قويساق دەپ، بىسيار ئارزۇمەندلىك قىلاشىپ، يۇرتنىڭ تەۋفىق ھىدايەتىغە سۆچۈك تىلىمىز بىلەن دۇئاغا قول كۆتەرگەنىمىزدە، ئاز ـ تولا پۇل، بىرەر يۈز چارەك ئاشلىق، كەمتەرىن ئىككى يۈز تال يىغاچ نەزرۇللاھ توشۇپ، ئۇشبۇ نەزرۇللاھنىڭ تەمەئىدە ئۇمەر ئاخۇند خەرىدارلىق قىلىپ: «ھەرنە بار يۇرتتىن تىلەسەم، فەقىر ئۆز بىساتىمدىن ئەھيا قىلسام» دەپ نەزرۇللاھنى يىغىپ ئالىپ، نەقدىنە مەبلەغدە دىۋارلارنى ئەھيا قىلىپ، ئاشلىقنى ئۆز ئەھلى ئەيالىغا سەرف ئېتىپ كېتىپ، ئۆز يۇرتىداكى ھۈنەرمەند كاسىپلارنى خار كۆرۈپ، قويچىدىن ئۇستا ئالىپ كېلىپ، «كابۇلچە يافامەن» دەپ لاف ـ قافلارنى ئۇرۇپ، بىر تۇلۇمداكى تىيىن فۇلنى شۇبۇ ھەممەسى ئاق تەنگە دەپ، ھىيلە بىلە خەرىدارلارنى گولداپ سەككىز ـ ئون كۈن يىغاچلارنى ئۇزۇن ـ قىسقا كەستۇرۇپ، ئاخىرۇل ـ ئەمر: «بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەدى، ئۆزۈم ئاجىز كەلدىم، يۇرت ئۆز خاھىشچە يافىپ ئالسا، فەقىرمۇ خىجالەتلىكدىن چىقسام» دېگەنىدە، ئاخۇنۇم باشلىق ئىمام مۇئەززىن يۇرت ئادەمىلەرى يۇرتنىڭ تەۋفىقىغە دۇئا قىلغانىمىزدا، بىر يۈز ئون چارەك بۇغداي نەزرۇللاھ بولۇپ، شۇنى سەرف قىلىپ، بەقەدرى ئەھۋال ئىشلەپ يافىپ ھەم تۆفەسىگە ھەم تەھتىگە بوريا سالىپ، ئەھيا قىلىپ قويدۇق.

قويچىدىن كەلدى يىغاچچى لاف ـ قافلارنى ئۇرۇپ،
ئالۇ بالۇ يافامەن دەپ بىرگە يىغاچلارنى قۇرۇپ.
ھەفتە ئون كۈن ئىشلەدى ھەيران بولۇپ قالدى تۇرۇپ،
ئۇشبۇ ئىشنى تۇتقانىغا ھەر كۈنى يۈزمىڭ تويۇپ.

ھىيلە قىلدى ئۇمەر ئاخۇند يامبۇ بار دەپ فەند ئۇرۇپ،
بىر خوجۇن مىس فول تىيىننى كۆرسەتىپ قولدا تۇتۇپ.
چوغرا ئاق تەنگە دەپ مۇجاڭنى ئول دەم ئازدۇرۇپ،
راسىمكىن دەپ ئۇشبۇ ئەھمەق، ئاخىرى ھەيران بولۇپ.

يافامەن دەپ ئەھدە قىلدى ئۇمەر ئاخۇند يۈز باشى،
مەشۋەرەت قىلماي كىشىگە، ئاخىرى قاتتى باشى.
نوچەلىق ۋەقتى ئېدى، يىگىرمە سەككىزدۇر ياشى،
بىمەززە بولدى بۇ ئۇترادا تولا نەچچە كىشى.

ئۇستا كەلدى قويچىلىقتىن يامبۇدىن سۆز ئايتاشى؟
ئالدى ئون كۈن كەينى بەش كۈن ئىشلەدى قاتتى باشى.

ئاغزىغا كەلگەننى ئېيتىپ ماجەرالار قىلاشى،
ئاخىرى دەئۋالاشىپ، بەگ ئالدىدا ئاقتى ئىشى.

قوي يىلىدا ئۇشبۇ يۇرتدا بولدىيۇ بىھەد سوۋۇق،
دەلۋىنىڭ ئون تۆرتىدە ئىككىئۆيلە كەلدى ئاشقولۇق.
سابىت ئاخۇند، ئەھمەد ئاخۇندلارغا بىھەد تارتغۇلۇق،
يېگەلى نان بولماسا، بىز ئەمدى قايداق قىلغۇلۇق.

بويرادا ئۆينى ئېتىپ ئاخشاملىقى ياتتى بۇلۇڭ،
ئىككىسى تاڭ ئاتقۇزالماي بارچەسى كىردى كۇلۇڭ.
بىر - بىرىگە قاقشاشىپ تەنگە تەفا غودوڭ - غودوڭ،
ئاچۇ زارۇ ھەم ساۋۇقغا پايلاماي زار ئەتتى مۇڭ.

قىش زىمىستان باغلارىدا بارمادۇر شاپتۇلدا قاق،
بىر - بىرىگە ئايتاشىپ كۆرسەڭ مېنىڭ ھالىمغا باق.
چىنە - چۆگۈن ئورنىدا چاي ئىچىشى دائىم ئاياق،
گەر ۋۇزۇئ قىلسا مۇبادا قولىدا بىردىن قاقاق.

بۇ ئەزىز بىچارەلەر تارتتى ساۋۇقنىڭ دەردىنى،
سەھل باشنى ئۆرە قىلسا، كاج كېتىپ ھەم گەردەنى.
گەر ھەيات بولسا ئەگەر، ئاخىر ئالۇر بۇ قەھرىنى،
ھەر جەفا كۆرگەن كىشى ئۆزى بىلۇر جان قەدرىنى.

ئۇشبۇ ئىشنى تۇتغانىغا بولدىيۇ بىھەد خەفا،
ئايتاشۇرلار ھەر كۇنى بىر - بىرىگە تەنگى تەفا.
ھېچ قاچانكىم كۆرمەپ ئەردۇك بۇ ئالەم مۇنداق جەفا،
تەندە ئىمان، جاندا قۇۋۋەت قالمادى بىزدە سەفا.

سوقىنىڭ دەردىنى تارتتى، مەسجىد ئىچرە ياتىپ كەففە،
مەشەققەت تاپىغاننى بىلسەڭىزلەر بارچە نى دەففە.
باشىغا سايەبان بولدى بەگنىڭ ئالدىدا چاۋار چەففە،
مەسجىد يافغانىغا مىڭ تويدى مۇلازىم ئالدىدا زەبتە.

بۇ مەسجىد ئورنى ئەۋۋەلدە ئېدى مەكتەبخانە غالىب،
ئوقۇر ئەردى ھەمە يۇرت خەلقىنىڭ گۇدەكلەرى تالىب.
ئوقۇغان بۇ ئەرەنلەر بەئزەسى بولدى، ئارا تالىب،
بىرىسى ئىلمدىن ۋاقىف بولالماي، بولدىلار كاسىب.

بىرسى خەمىر ئىچىپ فىسقۇ فۇجۇر ئىشلار بىلەن تالىب،
بىرسى فىسقى ئىشلارنى قىلىپ ھەيران كېتىپ تائىب.
ئوقۇپ ئىلمى ئەمەل بىرلە بىرسى بولدىلار كاتىب،
ئوقۇغان ئىلمىگە ئەقدە ئەقىدە قىلماغان تالىب.

* * *

بۇ مەسجىد مۇقتەداسى ئەھمەد ئاخۇند موللادۇر خاتىب،
مۇئەززىنلىك قىلۇر بۇ ۋەقتىدە ھاجى ئۇمەر نايىب.

قەدىم مەسجىدلەرى بىر نەچچە ۋەقتدە بولدى ۋەيرانە،
تۈزۈپ دىۋارلارىن مەسجىدكە قوشتى ھەم تۈنەكخانە.

مۇھەممەد توختە ئاخۇند ئۇشبۇ جايدا بولدى پەرۋانە،
ئۆتۈپ كەتتى جەھاندىن ئۇشبۇ دەرۋىش تاقۇ ئەيۋانە.

خەلايىق ئورلاشىپ ھەر كۈندە ئۈچ ۋەقت كەلسە ئاش ـ نان يەپ،
دەرىغ قىلماي بېرىپ ئۆتكەردى ئۆزىنىڭ قۇۋۋەتى بار دەپ.

شەفىئۇل ـ مۇزنىبىن كۆڭلىغە سالغاچ قىلدى بۇ كارى،
تاپىپ تەۋفىق ئىنايەت رەھمەتىگە غەرق بولۇپ جارى.

كىشى تەۋفىق تاپىپ ھەر جايدا قىلسا ئۇشبۇ مەسجىددەك،
سەئادەتمەند بۇ ئىككى جەھاندا نىك بەختلەردەك.

بۇ مەسجىدى ئالىينى يافتى ئۈچئۆيلەن ھەر كۈنى ئىشلەپ،
كېتەر ئاخشاملىغى بىر ـ بىرىنىڭ ھەسرەت قولىن تىشلەپ.

كېلۇرلەر ئەرتەگەندە قولغا ئالغاي ئىشلارىن فەيلەپ،
ئۇلار ئەجرىگە ئالدى ئاتمىش ئالتە تەنگەنى تەيلەپ.

ئۇشۇر ئاخۇند، كەرەم ئۇستا، بىرىنىڭ ئىسمىدۇر ئەبباس،
بەجانۇ دىل بىلەن دائىم ھۇنەرگە قىلادۇر ئىخلاس.

مەلايەئنى شىكايەت ـ شىكۆە بىرلە ھەم ئىشى بولماس،
دىلى يۇمشاق مۇلايىمدۇر خەلايىق ئەھقەرى ۋەنناس.

كىشى شاگىرد بولۇپ بۇ ئۇستا خارەدىلىقنى ئۆرگەنسە،
خەلايىقلار ھوزۇرىدا تاۋار تورقىغا يۆرگەنسە.

مۇلايىملىق قىلىپ ھەر ئۇستا، شاگىردىغا ئۆرگەتسە،
دۇئاۋۇ ھەم دۇرۇد ئايتىپ تەمام يەرلەرگە يەتكۈرسە.

كىشى كاھىل نەماز بولسا، بۇ مەسجىدكە بولۇر داخىل،
ئادا قىلسا نەمازىن، ئىككى ئالەمدە بولۇر فازىل.

ئۆتەپ چىقسا كىشى بۇ مەسجىدىدە ھەم نەماز نافىل،
بۇ دۇنيا تاڭلا مەھشەردە يېتەر مەقسۇدىغا ۋاسىل.

كېلىڭلار، ئەي يارانلار، زار يىغلاپ ئۇشبۇ مەسجىدغە،
يېتىشسەڭ دەرگەھىغە باش قويۇپ قىلساڭ تەلەبلەرغە.

ھۇزۇرى دىل ئىلە قىلغىل ئىبادەت ئۇشبۇ مەسجىددە،
تاپار مەقسۇدىنى بەندە سەھەر ۋەقتىدە تائەتدە.

سۇفۇرسە مەسجىدىنى، ئالسالار خەس بىلە يا ھەم خاك،
گۇناھدىن زەررە قالماس، شۇل كۇنى تۇغدى ئانادىن پاك.

چەراغ بەرسە كىشى مەسجىدغە، سالسا بورىيا تازە،
كۆزى رەۋشەن بولۇر ئاخىر جەزا كۇندە ئەمىر زادە.

بۇ سۆزنى شەرھ قىلغان ئۇشبۇ يۇرتدىن موللا ئەلىدۇر،
خەتاسى سەھۋ بولسا ئەفۇ ئېتەر ئالىمغا ئاساندۇر.

تۇگۇرمەن باشى قىزلار جاي مەزارەتتە كىپەك موللام،
ۋىلادەت تاپتى كوچا بويىدا ئەردى ئۆزى ئەللام.

بۇ فانىي دۇنيادىن ئۆتتى تەمامى ئۇمرى توقساندە،
بۇ ئەرنىڭ قەدرىنى بىلمەي خەلايىق بارچە ئەرماندە.

بۇ ئالىمنىڭ مىسالى يوق ئېدى بىلسەڭ بۇ ياركەندە،
مۇرادىغا يېتىپدۇر ئوقۇغانلار ئۇشبۇ ئالەمدە.

كىتابەت ئەيلەدى دائىم فىتىپدۇر كېچە ـ كۇندۇزدە،
جەھاندا بار كىتابنى جۇغلاتىپ كۆرمەكدە ھەسرەتتە.

* * *

بەرادەر، جەھد ئەيلەپ تۇشەئى راھ قىيامەت قىل،
بىلۇرسەن قالمادى شاھى گەدالاركىم، ئۆتۈپتۇ بىل.

خەلايىقلار ئاراسىدا ئۇرۇش بىرلە نىزاڭ بولسا،
كىشىنىڭ سۆلھى بىرلە ئۇشبۇ ئىشلار ياخشى خوب بولسا.

بۇلارنى ياخشى، خوب ئەيلەپ، ئەداۋەتنى يىراق قىلسا،
خۇدانىڭ رەھمەتى ئولدۇر ئۇرۇشقاننى ياراشتۇرسا.

ئاڭا تەئيىن قىلىپدۇر جەننەتۇل ـ مەئۋادا ئورۇن تۇتسا،
خۇدا رازى بولۇر ئاندىن بۇ ئىشلاردىن يىراق بولسا.

* * *

بۇ ياركەند بەگلەرى ھەم چوڭلارى ئەسلى بەدەخشانلىق،
خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كاشقەر، بىرى بولسا ياڭىسارلىق.

مەشايىخلار نەزەر قىلغاچ بۇ ياركەندكە بولار لايىق،
سۇراغچى غەيرى بولسا، بولماغاي ھېچ ۋەقت ئەرمانلىق.

مۇھەممەد مىرزىيا بەگ ئۇشبۇ ياركەنددىن ئۆتۈپ كەتتى،
غەرىبلىق تۇربەتىدە بۇ ئەجەلنىڭ شەربەتىن ئىچتى.

ئەزىز جاندىن كېچىپ ئاخىر گۈلىستان ئىچرە يول تاپتى،
يارۇغلۇق ئالەمى دەريايى قولزۇمدا ئەمان تاپتى.

نىياز ھاكىم، ئۇشۇر ھاكىم، خۇنى ناھەق يۇدۇپ كەتتى،
بۇلارنى نار ۋەيلىدە لەھەد ئىچرە چايان چاقتى.

كەرەم بەگ، ئەبدۇقادىر بەگ بۇ ياركەنددىن ئۆتۈپ كەتتى،
مۇھەممەد موللا يۇنۇس بەگ دىنىي مەزھەبتە ئۆتۈپ كەتتى.

جەھان مەئمۇرچۇلۇق ئەردى... مال ـ فۇلنى ئالماستا،
تاياقچى ھەم يېزەكچى قىچقۇرۇر ئاخشامدا ياتماستا.

تەمام زەيكەش چاپىپ، پاتقاق ئۇلاغلىق يولدا پاتماسدا،
جەرىم سالدۇردى يولنىڭ چەۋرەسىگە تۇبى قاتماسدا.

مۇئەززىن قىچقۇرۇرلار بەندەلەرنى چۈن تاڭ ئاتماسدا،
جەھاننىڭ خۇبلىقى كۆپدۇر، ۋەلې بۇ ئىشلا بولماسدا.

* * *

ئاياغ ئۇرفەنىڭ بېگى موللا بەگ ھەر يىلى ئەرتىياز ۋەقتىدە دەريانىڭ سۈيىنى قارغالىق، فوسكام يولى، قاراغات ئۆستەڭلەرىنىڭ بەگلەرىگە باغلاپ بېرىپ، ئۇرفەگە سۇ ئالىپ كەلمەي، غەۋغايى ئام تولا بولۇپ، فەقىرلەر يامۇنغا كىرىپ، كۆل قارىملارىمىزدا ئىچكەلى سۇ يوق زەغىر ـ زاغۇن تارىيالمادۇق دەپ، جەزەئ ـ فەزەئ قىلغانىدا، ئامبانى يامۇندىن ئىككى ـ ئۈچ رايەنى بۇيۇرۇپ فۇقەرالارىنىڭ سۈيىنى ياقالاپ بېرىپ، سۇدىن چىقارىپ كېلىپ، ماڭا ئۇجۇرىنى بېرەسىزلەر دەپ، بۇ سەگلەرنى بۇيۇرغانلارى

ئاياغ فەسلىگە سۇ كەلمەي خەلايىقلار قىلۇر زارى،
بۇ ياركەند شەھرىدىن چىقتى فالاقلاپ مۇندا ئۈچ رايى.
بىرى ئىيسا، بىرى سايىد، بىرى بولسا سىيىت قارى،
قىزىل خىفدان، قارا كۆمە كىيىپ مانەندە رەفتارى.
جۇھۇد، تەرسا سىفەتلىكدۇر بۇلارنىڭ فىئلۇ ئەتۋارى،
ئالىپ چىقتى بىلەپ دەندانلارىن كەز كىرىپ بارى.

يۇگۇردى ئات چاپىپ جەۋلانلا بولدى سارغارىپ لالە،
ئەگەر مەھدەس ۋۇزۇ قىلسا مۇنىڭدىن ئالدىلار فالە.
يېتىم، بىۋە، غەرىبلەر كېچە ـ كۈندۈز قىلدىلار نالە،
بۇ قىلغان كارۇ بارىدىن بولۇرلار ئاقىبەت خارى.

بۇ ئۆستەڭ باشىغا ئەھلى ئايالىنى ئالىپ چىقتى،
ھەسەنباي لەنگەرىدە، ئوبلاشىم كۆبرۈكتە جاي تۇتتى.
بىرى قايماق بىلەن سۈتلەپ مەھازەرلەر ئالىپ چىقتى،
بىرەر ۋەقت چىقماسا دوسقان غەم بىلەن قايغۇنى يەپ ياتتى.

بۇ سۇنىڭ رەفتىنى بىلمەي شەھەردىن چىقتى ئات چاپتى،
خەرىدار بارمۇ سەن دەپ، ئىلكىنى تەڭلەپ سۇنى ساتتى.
ئەگەر كۆرسە قىمارباز تافغانىنى ئۆتتۈرۈپ ئاتتى،
خىجالەت تەڭلىكىدىن فايلاماي مىنگەن ئاتىن ساتتى.

بۇ ئۆستەڭ نەچچە يىل بولدى ئەيانكەشكە ئۆتۈپ كەتتى،
نەيەردە تاپسا بەش ـ ئون تەنگەنى ئالدى ئالىپ قاچتى.
بۇ يىللار ئۆشبۇ ئايالاردا قارى ـ ياشنى چايان چاقتى،
بۇلارنىڭ زەھرىدىن قورقىغان خەلايىقلار قاچىپ كەتتى.

سۇ كەلمەي ئىككى يىل بولدى زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى،
بۇ سۇ ئەۋۋارەسىدە يۈگۈرۈپ ئادەم ھارىپ كەتتى.
بۇ زالىملار تۇفەيلىدىن ئارىق ـ ئۆستەڭدە قان ئاقتى،
باشى تەندىن جۇدا بولغان ساسىق بەدبۇي ئۆلۈك ئاقتى.

قەدىمدىن مۇنداغ ئىش ئۈستەڭ باشىدا بولماغان ئەردى،
قىيامەتنىڭ ئەلاماتى بۈرەڭ ئىشلار بولۇپ قالدى.
ئاغىر كەلدى بۇ ئىش دەرگاھى ھەقغە ئۇرفە يار كەتتى،
تارىغان زەرب ـ زىرائەتلەر تەمامەن لايقەغە فاتتى.

شەرىئەت مۇستافادا سۇنى ساتماغلىق ئەمەس جايىز،
ھەلال ـ ھەرامنى فەرق ئەتمەي، بۇ سەگلەر ساتتىلار ناجىز.
سۇ بولسا ئامۇ خاسنىڭ ھەققىدۇركىم بىلسەڭىز ئامىز،
كۇچانىڭ رەسمىدە سۇ ساتەمىز دەپ ئالدىلار فالىز.

يېگەن ـ ئىچكەنلەرى سىڭمەي، تەنى قالدى ھەرارەتكە،
ئۆزى تويسا كۆزى تويماي، ئالدىراپ ماڭدى قەباھەتكە.
بىرىنىڭ ئالغانىغا ئۆزگەسى قالدى نەدامەتكە،
بۇ سۆزنىڭ قالغانى باقىيكى قالغايلار قىيامەتكە.

دەرىغا، ئۇشبۇ ئىشلاردىن كېچە ـ كۇندۇز ھەزەر قىلغىل،
ئۇشۇل مەككارەلەردىن زىنھار ئۆزنى خەبەر ئالغىل.
بۇ ئىشلار كەلمەسە ئۇترۇ خۇداغە شۇكرلەر قىلغىل،
سەھەرلەر ئويغانىپ بۇلبۇل كەبى فەريادلار قىلغىل.

ئاياغدىن سۇنى ئۇزمەي سۇزمە قىلدى ئۇشبۇ نەۋبەتنى،
خەلايىق بىلمەدىلەر بۇ يامان ئەفئالى بىدئەتنى.
مۇسۇلمان بولسا كامىل قىلماس ئەردى ئۇشبۇ نىيەتنى،
خۇدا كۆرسەتمەسۇن مۇنداغ بۇ قىسمى فىئلى بىدئەتنى.

بۇلار بەش، ئالتە كۇن ياتتى سۇگەتئارىقدا، خانقۇمدا،
يېمەك ـ ئىچمەكلەرى ئەرتەۋۇ ئاقشام زەھرۇ زەھقۇمدا.
بىرى كەتسە بىرى ياتتى قاچىر مەركىتدە دىلداڭدا،
كىيبان ۋاژگۇنە ئىگىنىنى ھەر يەردە ھەر جايدا.

بۇلارنىڭ تاپغانى ئۈستەڭ باشىدا سەككىز ـ ئون كەتمەن،
خەلايىقنى ئۇرۇپ، سۆدرەپ بارىدىن ئالدىلار چەكمەن.
سوراپ ئىستەپ سۇ لازىممۇ كېلىڭلار ھەر تەرەف زوخمەن،
ھەسەد ئىلكىنى تىشلەپ، پۇل بېرىڭلار دەپ بولۇر دەردمەند.

بۇ ئۈستەڭ باشىدا ھەر كۇنلۇكى بەش ـ ئون ئادەمنى باغلاپ،
زۇلۇم بىرلە خەلايىقنىڭ فۇلىنى ئالدىلار چاغلاپ.

كېچەدە ياتغالى قويماي، كېلۇرلەر ئاخشامى ھاڭراپ،
سۇ ئاچقان ئەلنى تافسا باغلادى مەھكەم، تۇتۇپ باغلاپ.

بىلىپ ـ بىلمەسكە سالغاي ئۇشبۇ ئىشلارنى تەمام بەگلەر،
شەھەردە ھېچنېمە يوق ئەلگە لاي سۇنى ساتىپ يەڭلەر.
ئارىق باشىدا بىزگە بىر نەرسە بېرىلىڭ دەڭلەر،
ۋەلې ھەر نەرسە تاپساڭلار، بالا ـ بارقا بىلە يەڭلەر.

بۇلارنىڭ ئالدىدا قايىم تۇرۇبان جۇملەئى ئەشيا،
سۇ توختاپ قالسا ئەلدىن دەشنام ئىشتىپ مۇشت بىلەن فەشپا.
خەلايىق مەسخەرە ئەيلەپ مۇنداغ ئەتتى بىشەكۇ ئىشبا،
تۇشۇپ كەتكەن سۇنۇق تىشنى كۆرۇپ ئەل ئەيلەدى رەسۋا.

سۇنۇق تىشغا بىئىبا ئىككى مىڭ تەنگە بەھا قويدى،
ئۆلەرمەن دەپ كۆتىگە دارۇ بىھۇشدا شەخەك قويدى.
بۇ ئىش كەيفىغە ئولتۇرۇپ تۆرت قوينى چاي قۇيدى،
خەلايىق سۇلھە ئەيلەپ ئالدىدا مىڭ تەنگە فۇل قويدى.

ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارىم بولسا مېنىڭكى باي سارام بايدا،
خەبەر سالسام بولۇر ئەردى يەقىن بولسا شۇبۇ جايدا.
بۇلار ئاڭلاپ كېلۇر ئەردى چىقىپ كەتكەن رەجەب ئايدا،
ساقايسام كۆرۇشۇپ كەلسەم، خۇدايىم بۇيۇرغان چاغدا.

دىيانەتلىك قىلىپ ياتتى بۇ پۇلنى توننى ئالماسدا،
چىقىپ بۇ ئۇرفەغە سۇنۇق تىش قىممەتنى ساتماسدا.
ئەگەر بىلسە ياتار ئەردى فەقىر بۇ ئىشلار بولماسدا،
قەدىم ئابدال ئىكەن رايە بولۇپ ياركەندكە كەلمەسدە.

مۇنىڭ شەرھىنى ئايتاي، ئەي بەرادار، سال قۇلاق، ئاڭلا،
ساتىپ كەتتى سۇنۇق تىشنى بۇنىڭ تەئرىفىنى داڭلا.
كېلىپ قالسا كۆرۇشكەندە نېمە دەرسىز بۇ كۇن تاڭلا،
بۇ فۇلنى يەپ ـ ئىچىپ، تونى كىيىپ يۈرگەي ھالاۋەتدە.

بۇلارنىڭ ئەۋۋەلىدە ياقالاپ كەلدى سىيىتقارى،
خۇدا رەھمەت قىلىپ باشدىن ـ ئاياغقا يەتتى سۇ جارى.
شەفىئۇل ـ مۇزنىبىن كۆڭلىگە سالغاچ قىلدى بۇ كارى،
تاپىپ تەۋفىق ئىنايەت رەھمەتىگە غەرق بولۇپ جارى.

بۇ يىللاردا نە باغتوغراق نە چۆللەرنى تارىپ ـ تىككەن،
سۇيى ئاز ئاقسا ھەم سۆزى خەلايىققا ئەسەر قىلغان.
ۋەلي سادىق ئىكەن راجىھ ئۆزى ياركەندىدە توغۇلغان،
سەغايىر ھەم كەبايىر رەھمەت ئايتىپ شادمان بولغان.

بۇ ئىشلار بارچەسى شاھۇ گەدا كۆڭلىگە ئەئيانىدۇر،
سەخاۋۇ ئەدل بىرلە ئۇشبۇ ياركەندىدە تۇغۇلغاندۇر.
ئەسىل زادە شجائەت شىرى مەردىنىڭ ياخشى ئوغلىدۇر،
خۇدانىڭ رەھمەتىگە ئىككى ئالەمدە چۆمۈلگەندۇر.

بۇ سۆزنى شەرھ قىلغان ئۇشبۇ يۇرتىدىن موللا ئەلىدۇر،
خەتاسى سەھۋ بولسا ئەفۇ ئېتەر ئالىمغا ئاساندۇر.
مېنىڭ قىلغان ئىشىم باشدىن ـ ئاياغقا تۇخمى....،
خەلايىق دەر بۇ ئىشغا ئەقلى يەتمەس ئۆزى ناداندۇر.

ئۆزۈمنىڭ ئەقلى قىسقا ئۇشبۇ ئىشنى قىلمادىم لايىق،
كىشى كۆرسە ئەيىب ئەتمەس، بۇ قوخلۇق مەدھىنى ناتىق.







بو مسلمانلیغ ایشلاریدوک بزلارنینگ اوشوتی بولور نیکه بابیغه . بری نینگ مقصودی دایم غزا سلطانلاری توزوق تابیغه

بری نینگ کونکلیده الجبلای قوالوم کونمام نثار ایتیز . خوش آلدا بیله تنوز ... کوزدا ... قولوق جانیغه

شریعت امیرنی توتغای یوروسلار باخبر ایکه . ... نی فرق ... ایتار لار بیغانی

[illegible]

[illegible]

























(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى باشقارمىسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

# كەنت، شەھەر، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئۆي بىساتلىرى ھەققىدە بايانلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «كەنت، شەھەر، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئۆي بىساتلىرى ھەققىدىكى بايانلار» ناملىق بۇ تېكىست «كەنتنىڭ بايانى»، «شەھەرنىڭ بايانى»، «باياۋان ۋە جاڭگالنىڭ بايانى»، «ئىمارەتنىڭ بايانى» ۋە «ئۆي بىساتلىرىنىڭ بايانى»دىن ئىبارەت بەش پارچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان. تېكىستلەردىن «كەنتنىڭ بايانى»، «شەھەرنىڭ بايانى» ۋە «ئۆي بىساتلىرىنىڭ بايانى»نى مۇھەممەد ئەلى داموللا، «باياۋان ۋە جاڭگالنىڭ بايانى»، «ئىمارەتنىڭ بايانى»نى ئابدۇۋەلى ئاخۇندلار شۋېت مىسسىيونېرى گۇستاف رەكۋېتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن خوتەن قەغىزى ۋە سىزىقلىق پەرەڭ قەغىزىگە يازغان. تېكىستلەرنى قەشقەردىكى شۋېت مىسسىيونېرلىرى يىغىپ ساقلىغان، كېيىن ئۇلار قەشقەردىن ئايرىلغاندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تەركىبىدە شۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىپ، كېيىنكى كۈنلەردە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى «ياررىڭ يىغمىلىرى»غا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ تېكىستلەر ھازىر گۇننار ياررىڭ يىغىپ توپلىغان «ياررىڭ يىغمىلىرى» نامىدىكى 207 ـ نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانماقتا.

بۇ تېكىستلەردە ئەينى دەۋردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر، بازار ۋە كەنتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، قىياپىتى، قولۇم ـ قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى ۋە بېزىلىشى، ئۆي سەرەمجانلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

تېكىستلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتىنشۇناسلىق پىرىنسىپى بويىچە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى ھەمدە بىرقىسىم ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلدى. بۇ ئەسەرنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى قاتارلىق مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قاراپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

## كەنتنىڭ بەيانى

شەھەر سىپىلىنىڭ تاشى ئاباد يەر، دارۇ دەرەختلىق يەرنى كەنت ئاتارلار. كەنتلەردە دېھقانلار سۈكۈنەت قىلۇرلار. ئۇلارنىڭ كەسپكارى دېھقانچىلىقدۇر، يەئنى كەتمەن چاپماق، تېرىلغۇ ـ زىرائەت قىلماق. ئۇلارنىڭ بالا ـ بارقىلىق كۆچلۈق دېھقانلارنىڭ قۇۋۋەتىغە تۇشلۇق يەر ـ سۇلارى كەڭرۇدۇر. ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىقلارى ئۆز كەنتلەرىدە دارۇ دەرەخت، باغۇ باغات، ھويلا ـ ئىمارەت، مال ـ كالا، قوي ـ پاتا، ئات ـ ئۇلاغ قۇۋۋەتىغە تۇشلۇق راستلاپ، مەزكۇر كەنتدە باي ئات كۆتەرۇرلەر. ئۇلارنىڭ يەر ـ سۇلارى تولا بولغاچ، قۇلۇن ـ قوشنا، يىللىقچى ـ ئايلىقچىلارى ئىشىغا ياراشا تولا بولۇرلار. بۇلارنىڭ يەرلەرى تولا بولغاچ، ھويلالارىنىڭ چۆرەسىدە ياندىش يېقىن يەنە بىر كىشىنىڭ ھويلاسى يوقدۇر. شۇ سەبەبدىن بايلارنىڭ ھويلا يەرىنىڭ ئىچىدە ھويلا يوقدۇر. نېرىسىدا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئىمارەتلەرى باردۇر. يەرلەرى ئاز دېھقانلارنىڭ يەرلەرى ئاز بولغانى ئۈچۈن، ئۆي ـ ئۆيلەرىگە ياندىش بىر ھويلىدا غول ئادەم ھويلالار باردۇر. تولا يەرلەرى بار كىشىلەر يانىدا قۇلۇن ـ قوشنا ساقلاپ ئۇلارغا تېرىغالى ئورتاققا يەر

بېرىپ، تېرىلغۇ قىلدۇرۇرلار. ئۇلارغا ئۇرۇغنىڭ يېرىمىنى، قوش ئۈيىنىڭ نىسفىنى زەمىن ئىگەسى بېرۇرلەر. ئۆي، ئۇرۇغنىڭ نىسفى قوشنانىڭ گەردەنىگەدۇر. ئۇلار ئورتاققا تېرىغان يەرنىڭ ھوسۇلىنى تەڭ، بەرابەر قىلىپ نىسفىنى يەر ئىگەسى ئالۇر ۋە نىسفىنى ئورتاقچى ئالىپ خانىيە ئۆشرىنى، يەئنى ئوندىن بىرىنى يەر ئىگەسىگە بېرۇر. زەمىن ئىگەسى ھەفتەدە بىر كۈن قوشنالارنى ئۆز ئىشىغە سالۇرلار. ئىشىغا سالغان كۈنى بىر كۈنى يېمەك - ئىچمەكىنى زەمىن ئىگەسى بېرۇر. زەمىن ئىگەسى ئۆزىگە قىلغان تېرىلغۇنى بىسادىي تېرىلغۇ دەرلەر. ئورتاقچى تېرىغانىنى ئورتاقچى تېرىلغۇسى دەرلەر. شۇبۇ مەزكۇر سۈرەتدە ھەممە كەنتلەرنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ئىشى ئوخشاشدۇر.

كەنتلەرنىڭ ئىسمى باشقا ئەلاھىدە بولماقىنىڭ... ھەركەنتدە بىر چوڭ ئارىق سۇلارى باردۇر. چوڭ ئارىقدىن بىر نەچچە ئارىقلارغا ئايرىلىپ، ئاندىن ھويلا ئارىقىغا ئايرىلادۇر. مەزكۇر چوڭ ئارىقنىڭ سۇيى تەقسىمدە بىر كەنتكە يېتەدۇر. ئانى بىر كەنت ۋە كەنت ئارىقى دەرلەر. شۇنداغكى، ئۆستەڭ ۋە ئۆستەڭنىڭ سۇيى بىر نەچچە كەنتكە ئايرىلادۇر. ئۆستەڭنىڭ چوڭىنى «مىشار» ئاتارلار، مىشاردىن چوڭىنى «يېپىلچاق» ئاتارلار، يېپىلچاقدىن چوڭىنى «ئورپا» ئاتارلار، ئورپادىن چوڭى دەريادۇر. قانچىكى شەھردىن يىراق كەنتلەرنىڭ ھويلالارى تاراقاي، بىربىردىن نارى، ئادەملەرى ئازراق، سەبەبى يەرلەرى تولادۇر ھەم ساي، كەتمەن، قىغ يېمەگەن، ئابادلىقى شەھر چۆرەسىدەكى كەنتلەردەك ئەمەس. يىراق كەنتلەر تارچۇلۇق ئەمەس، بىر يايلاقدەك كەڭرۇچىلىكدۇر. دەرەختلەرى شەھەرگە يېقىن كەنتلەردىن ئازراقدۇر. ساڭغا ئىككى يۈز دەن ئاشلىق بېرەدۇرغان كەنتلەردە بىرى يۈز باشى تۇرادۇر. ھەر يۈز باشى قول ئاستىدا بىر نەچچە ئونباشىلارى باردۇر. كاشقەردە يۈزباشىنى «چوڭ» ئاتارلار. شۇنداغكى، «فەلانى چوڭ» ۋە «فەلانى چوڭ» دەپ. شۇنداغكى، بىر نېچە كەنتدە بىر يۈز باشى ۋە بىر نېچە يۈز باشى ئۈستىدە بىر مىراپ تۇرۇرلار. مىراپ بەگ دېگەن كەنتلەردە كېچىك دەئۋا بولسا ئۆزى سورارلار، لېكىن چوڭ دەئۋا بولسا ياملۇلغا كەلتۈرۈپ بېرۇرلەر.



كنت نينك بياني

تولا بولغاچ حویلی لاری نینگ چوره سیده یانداشتا یتقین یته برکیشی نینگ حویلیسی
یوق دور شو سببدین. بای لار نینگ حویلی یری نینگ ایچیده حویلی یوق دور نی شیدا
هر تمامیسی سی نینگ اوز عمارت لاری بار دور یرلاری آز دهقانلار نینگ یرلاری آز
بولغانی اوچون اوی اوپلاریگا یانداشی بر حویلیده خول آدم حویلی لار بار دور
تولا یرلاری بارکشیلار یاندا تکلون توشتنی سا تلاب اولارغه ترنغالی اورتاقته
یر بریب ترلیکو قیلدورور لار اولارغه اچیغ نینگ یریمی نی توشی اوپی نینگ نصفی نی
زمین ایگاسی برور لار اوی اوروغ نینگ نصفی توشتی نینگ گرو نیکادور اولار
اورتاقتا ترنغان یر نینگ حصولی نی تنگ برابر قیلیب نصفی نی یر ایگاسی آلور و
نصفی نی اورتاقچی الیب خنه عشرینی یعنی اوندین برینی یر ایگاسیگا برور زمین
ایگاسی هفته ده برکون توشتنی لارینی اوز ایشیغه سالورلار ایشغه سالغان کونی
هرکون یماک ایچماکی نی زمین ایگاسی برور زمین ایگاسی اوزیگا قیلغان
تیرلیغونی بساری تیرلیغو دیرلار اورتاقچی ترنغان نی اورتاقچی تیرلیغوسی دیرلار

شبو مذکور صورت واهم کنت لار نینگ وآدم لار نینگ ایشی او خشاشدور
کنت لار نینگ اسمی باشقه علاحده بولماقی نینگ هر کنت بر چونک اریق سو لاریکا
بار دور چونک اریقدین بر نچه اریق لارغه ایریلیب اندین حویلی اریقیغه
ایریلادور مذکور چونک اریق نینگ سوبی تقسیم وجه کنت کا بناء دورلانی
بر کنت و کنت ایریقی دیرلار شوندا غ کم اوستانک، واوستانک نینگ

سویی برنچه کنتکه ایریلادور اوستانگ نینگ چونکی نی میشار اتارلار
میشار دین چونکی نی بیلماق اننگلار بیلماق دین چونکی نی اوز بیلا اتارلار
اوز یادین چونکی دریا دور. تانچه که شهرکه یقین کنتلارنینگ اویلاری
بر بیرکه یاندا شی توتاشی دور یرلاری آز بولغانی اوچون آدملاری هم توللا
تانچه که شهردین یراق کنتلارنینگ حویلیلاری تارا قای بر بیریدین نری
آدملاری ازراق سیبی یرلاری توللادور هم ساپی کتمن قیلغ بیلا کلان آباد
لیق شهر چیره سیداکی کنتلار دیک ایماس. یراق کنتلار ایتار چولوق
ایماس یر یایلاق دیک کنگر و جیلیک دور درخت لاری شهرکه یقین کنت
لاردین ازراق دور. سانک هم ایکی یوز دان آشلیق برادور غان کنتلارده
بر یوز باشی توراددور هر یوز باشی قول استیدا بر نچه اون باشیلاری بار
کاشقرده یوز باشی نی چونک اتارلار شونداغ که فلانی چونک و فلانی چونک دیب
شونداغ که بر نچه کنت ده بر یوز باشی و برنچه یوز باشی او ستیده بر میراب
تورورلار میراب بیگ دیکان کنتلارده کچیک دعوا بولسه اوزی سورالار
لیکن چونک دعوا بولسه یا مولغه کلتوریب بیدرلار

## شەھەرنىڭ بەيانى

شەھەرنىڭ چۆرەسىگە سېپىل سالىپ، ئانىڭ چۆرەسىگە خەندەك كورلاپ، سېپىلگە چوڭ، يوغان دەرۋازە بەركىتىپ، دەرۋازە تۆرت دەرۋازە ياكى بەش دەرۋازە قوياپ، ئانى شەھەر ئاتارلار. سېپىلنىڭ تۆپە، چۆرە، ئۈستىگە قوقتا قويارلار. سېپىلنىڭ ئىچى، يەئنى دەرۋازەنىڭ ئىچىنى شەھەر ئاتارلار، دەرۋازەنىڭ

تاشى ھەرقانچە ئاباد بولغانى بىرلە شەھەر ئاتاماسلار. شەھەرنىڭ ئىچىدە سەۋداگەرلەر ئۈچۈن سارايلار، دۇكاندارلار ئۈچۈن دۇكانلار، رەستەلەر، كوچالار، مەسجىدلەر، خانەقاھلار، مەدرەسەلەر، مەكتەپخانەلەر، ھەممام ۋە ئىيدگاھ باردۇر. شەھەر دەرۋازە تاشى ھەرقانچە ئاباد بولسامۇ ھەم سەۋداگەر تۈشەدۇرغان جايلارنى «ساراي» ئاتاماسلار، «دەڭ» ئايتۇرلار. شەھەر ئىچىدە ھەر ھەفتەدە بىر كۈنى، پەنجەشەنبە كۈنى چوڭ بازار بولۇرلار. شەھەر ئىچىدە ھاكىم، ئەئلەم، قازى، مۇفتى، سەۋداگەر، بايلار، ھۈنەرمەنلەر، كاسىپلار قوۋۇقتىغە تۇشلۇق ئۆي ـ ئىمارەتلەر سالىپ ئولتۇرۇرلار. شەھەر خەلقى، ئاملار ئۆز كۆچىغا ياراشا ئۆي سالىپ ئولتۇرۇرلار. شەھەر ئىچىدە ھەم كۆللەر، ئارىقلار باردۇر. خاقان سوراقچىلارى ئولتۇرادۇرغان سوراق قىلادۇرغان جايلارنى يامۇل ئاتارلار. شەرئىيەت ئاخۇنلارى ئولتۇرۇپ سوراق قىلادۇرغان جايىنى شەرئىيەت مەھكەمەسى دەرلەر. شەھەر ئىچىدە ئەكسەر يەردە مېۋەلىك ۋە مېۋەسىز دەرەختلەر باردۇر. مەسجىدلەرنىڭ پەشتاقى ئىيدگاھنىڭ گۈنبەز مۇنارى باردۇر. ھاجەت بولغان ھەر نەرسە شەھەر ئىچىدىن تاپىلۇر.



شهرنینك بیانی
شهرنینك چوره سیگا سپیل سالیب انینك چوره سیگا خندك كورلاب
سپیل كا چونك یوغان دروازه بركاتیب دروازه تورت دروازه یا كه
بیش دروازه قویاب انی شهر اتارلار سپیل نینك قوبه چوره اوستیگا
قوقته قویارلار. سپیل نینك ایچی یعنی دروازه نینك ایچی نی شهر اتارلار
دروازه نینك تاشی هر قانچه آباد بولغانی برله شهر اتاماسلار شهر نینك ایچیده
سوداگرلار اوچون سرایلار دوكاندارلار اوچون دوكانلار رسته لار كوچه لار
مسجدلار خانقاه لار مدرسه لار مكتب خانه لار حمّام و عیدگاه باردور
شهر دروازه تاشی هر قانچه آباد بولسه هم سوداگر توشت دورغان جایلارنی
سرای اتاماسلار دنك ایتورلار شهر ایچیده هفته ده بر كون پنجشنبه كون


چونک بازار بولور لار شهر ایچیده حاکم اعلم قاضی مفتی سوداگر بایلاک
هنرمند کاسبلار قوتیغه توشلوق اوی عمارت لار سالیب اولتورورلار
شهر خلقی عام لار اوز کوچیغه یاراشه اوی سالیب اولتورورلار
شهر ایچیده هم کول لار وانهر لیقلار بار دور خاقان سوراقچیلاری
اولتورا دورغان سوراق قیلا دورغان جایلارنی. یا مول آثار لار شریعت
آخون لاری اولتوروب سوراق قیلا دورغان جاینی شریعت محکمه سی
دیرلار. شهر ایچیده اکثر یرده میوه لیک و میوه سیز درخت لار بار دور
مسجد لار نینک پیشطاقی عیدگاه گنبذ مناری بار دور حاجت
بولغان هر رسم شهر ایچیده تاپیلور

## بەيابان ۋە جاڭگالنىڭ بەيانى

ئىنساننىڭ قەدەمى يەتمەيدۇرغان، ۋەھشى ھەيۋانلار خاتىرجەمگ يۈرۈيدۇرغان، ئون كۈندە ياكى ئون ئايدا ھۇدۇدىغا يەتمەيدۇرغان، ھۇدۇدىنىڭ ھېسابى يوق يەرنى بەيابان دەرلەر. بەيابانىدا يىلىۋىسۇنلار تۇغۇپ غولدايدۇر. جانىۋارلار بالا چىقارىپ تولا بولادۇر. كېچە ـ كۈندۈز ھېچنېمەدىن پەرۋا قىلمايدۇر. ياز ـ قىش يايلاپ يۈرۈيدۇر. يىرتقۇ ھەيۋانلار يىلىۋىسۇنلارنى ئالدىغا يولۇقسا، خورەك قىلادۇر. بەئزى يەرلەردە دەريالار ئاقادۇر، بەئزى يەرلەردە قۇمدىن بۆلەك ھېچنېمە يوق. گىردابلارىغە بىلمەسدىن ئادەم ئازىقىپ كىرىپ كەتسە، ھەلاك بولماي قالمايدۇر. ۋە بەئزى يەرلەردە مېۋەلىك ـ مېۋەسىز ياۋا گىياھلار تولا بولادۇر. ھەرخىل دارىلارى ئۈنۈپ كەمالىغە يېتەدۇر. ھەرقىسىم دەرەختلەر تولا بولادۇر. چوڭ دەرەختلەر يوغۇناپ كۆھنە بولۇپ يىقىلىپ يەر يەپ كېتەدۇر. ئىنسانلار ئېھتىيات قىلادۇر. مۇنداغ ھەيبەتلىك يەرنى بەيابان دەرلەر. جاڭگال دەپ ھۇدۇدىنىڭ ھېسابى بار، ئۈي يوق، ئەقەللى بىر ـ ئىككى كۈنلۈك زەمىننى جاڭگال دەرلەر. جاڭگالدا ئوت تولا ئۈسسۇدۇر. مالدارلار چادىر تىكىپ ئولتۇرۇپ، كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقادۇر.

يىرتقۇ ھەيۋانلار كەلسە، مىلتىق بىرلە ئاتىپ يوق قىلادۇر. بەئزى يەردە ئۆلكۈلۈك ئۆي، دەرەختلەر ھەم بولادۇر. مۇنداغ زەمىننى جاڭگال دەرلەر. بەئزى جاڭگالدا سۇ، دەرەخت بولمايدۇر، ياۋا ھەيۋانلار تولا بولادۇر. ئازراق يەرلەردە ئادەملەر ئولتۇرۇپ زىرائەت قىلادۇر. ھازىرداررلىق قىلماسا ياۋا تونگۇزلار كېلىپ زىرائەتنى بۇزۇپ خاراپ قىلادۇرلار.



بیابان و جنکل نینک بیانی

انسان نینک قدیمی یتماپتورغان وحشی حیوان لار خاطر
جمع یوریتورغان اون کونده یاکه اون آیدا جودیریغه یتماپتورغان
جودودی نینک حسابی یوق یری بیابان درلار بیاباندا بلویسون لار
توغوپ غولدایدور جانورلار بیلا جیتاپیپ تولا بولادور کیچه کوندوز هیچ
نمه دین یروا قیلمایدور باز قش بایلاب یوریدور یرتقو حیوان لار
بلویسون لارنی الدیغه بولوقسه نخورک قیلادور بعضی یرلاریده دریالار اقاد
ور بعضی یرلاریدا قوم دین بولک هیچ نمه یوق گیرگان لاریغه بیلماسو
کیروب ۶ دین آدم ازیقیب اَدکتسه هلاک بولمای قالمایدور و بعضی یرلاریده میو
ایلک میوه سیز یاوا گیاه لار تولا بولادور هم خیل داری لار اونوب کامالیغه یتا
دور هم نیم درخت لار تولا بولادور چونکه درخت لار یوغوناپ کوهنه بولوب
یقیلیپ چریپ کیتادور انسان لار احتیاط قیلادور هونداغ جیتلیک
یرنی بیابان درلار جنکل دیب جوودی نینک حسابی بار اوی یوق
عقلی هم ایکی کونلوک زمین نی جنکل درلار جنکلدا اوت تولا
اوسسودور مالدارلار چادر تیکیپ اولتوروب کوچوب یوروب مال باقا
دور یرتقو حیوان لار کلسه ملتیق بیرله اتیپ یوق قیلادور بعضی
یرده اولکولوک اوی درخت لار هم بولادور هونداغ زمین نی جنکل درلار
بعضی جنکل ده سو درخت بولمایدور یاوا حیوان لار تولا بولادور
ازراق یرلاریده آدملار اولتوروب زراعت قیلادور حاضرداریلیق
قیلماسه یاوا تونکوزلار کلیپ زراعت نی بوزوب خراب قیلا
دورلار

# ئىمارەتنىڭ بەيانى

بىر باي ئادەم ئىمارەت بىنا قىلغالى خاھلاسا، ئىمارەت بىنالاردۇرغان جايىنىڭ ئۇلىغا قالىڭ سالىپ چىڭداپ، تۆپەسىگە قۇم قۇيۇپ راستلايدۇر. ئاندىن تامچى تانا تارتىپ، تامنىڭ ئۇلىغا تاش تىزىپ ئۇل قويادۇر. تاشنىڭ تۆپەسىگە بىر قەبەت بورا، بەش قەبەت پىششىق خىشت قويۇپ، قالغانىغا خام خىشت قويۇپ تام ئېتەدۇر. خىشتلارنىڭ قەبەتلەرىغە قۇم بىلەن ساغىزنى ئالىشتۇرۇپ بوزا قىلىپ قويادۇر. ياكى ئاك ۋە قۇمنى ئالىشتۇرۇپ دوغاپ قىلىپ قويادۇر. بەئزى تاملارگە قارا لاينى تولاراق ئىشلەتەدۇر. تاملار تەييار بولغاندا، يىغاچچىلار سارايىنىڭ ئوتراسىغا خار تارتاردۇر. ئۇل ئۇزۇن خارنى جەئگى دەرلەر. تاملارىغا تاكچە، مەئرەف، مورا چىقارادۇر؛ تالا تەرەفىگە پەنجىرە قويادۇر؛ ئىشىكلەرىغە كەۋشەك بەركىتەدۇر. ئىچكەركى ئۆيىنى «ساراي» دەرلەر، تاشقارقى ئۆيىنى «ئايۋان» دەرلەر. ئىككى يانىغا بىنا قىلغان ئۆيلەرنى «هۇجرى»، ئايۋاننىڭ يوپۇرۇسىغا سالغان ئۆيىنى «مەهمانخانە»، سارايىنىڭ ئىچىغە سالغان ئۆيىنى «قازناق» دەرلەر. ئايۋاننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا توختاتقان تۈبرۈكلۈك ئۆگزەنى «پىشايۋان» دەرلەر. ئايۋاننىڭ مەهمانخانەنىڭ ئارالىقىداكى كوچەنى «دەهلىز» دەرلەر. ئۆگزەلەرگە خار يىغاچ سالادۇر. يىغاچلارنىڭ ئارالىقىغا ۋاسا سالادۇر. تاملارنىڭ تۆپەسىگە قويغان يىغاچلارنى «ئەراق» دەرلەر. ۋاسالارنىڭ تۆپەسىغە بورا، بورانىڭ تۆپەسىغە قامۇش، قامۇشنىڭ تۆپەسىغە پاخال، پاخالنىڭ تۆپەسىغە توپا، توپانىڭ تۆپەسىغە قارا لاي، قارا لاينىڭ تۆپەسىغە كاكىل لاي سالىپ سۇۋايدۇر. بەئزى ئۆيلەرنى گەج بىلەن ۋە بەئزى ئۆيلەرنى كۆك ساغىز ۋە قىزىل ساغىز، ئاكلار بىلەن، قارا سۇۋاقلارنى كاكىل لاي بىرلە سۇۋايدۇر. قارا لاينى توپا ۋە سۇ بىلەن كاكىل لاينى لايغا سامان ئالىشتۇرۇپ ئېتەدۇر. يىغاچچىلار ئۆيلەرگە خار تارتقاندا، تون قويادۇر. مەردىكارلارغا ئوبدان...


عمارت نینک بیانی
بر بای آدم عمارت بنا قیلغالی خواهلاسه عمارت سالادورغان
جای نینک اولیغه تانک سالیب چینکداب تویه سیکا قوم قویوب راستلا
یدور اندین تامچی تانا تارتیب تام نینک اولیغه تاش تیزیب اول قویادور
تاش نینک تویه سیکا بر قبت بورا بش قبت پشیق خشت قویوب
قالغانیغه خام خشت قویوب تام اتادور خشت لارنینک قبت لاریغه قوم
بیلان سغیزنی الیشتوروب بوزا قیلیب قویادور یاکه آک و قومنی الیشتو
روب دوغاب قیلیب قویادور معضی تاملارکه قرا لاینی تولاراق


ایشلاتادور تام‌لار طیار بولغانوا یغاجی‌لار سارآینینگ اوتراسیغه خار تارتادور
اول اوزون خارنی جعلی درلار تام‌لاریغه تاکیچه معروف هورا بیتا
وادور تالا طرفیکا پنجیرو قویادور ایشیک‌لاریغه کوشکی مرکیتادور ایچکریکی
اوی‌نی سارای درلار تاشقاریقی اوی‌نی ایوان درلار ایکی یانیغه منا
قیلغان اوی‌لارنی حوجری ایوان‌نینگ بویوروسیغه سالغان
اوی‌نی مهمان خانه سارای‌نینگ ایچیغه سالغان اوی‌نی
قازناق درلار ایوان‌نینگ ایشیک‌کی‌نینگ الدیغه توختاتقان توبوک
لیک اوکزنی پشیوان درلار ایوان‌نینگ مهمان خانه‌نینگ ارالیقیداکی
کوبه‌نی دهلیز درلار اوکزلارکه خار یغاج سالادور یغاچ‌لارنینگ ارالیقیغه
واسا سالادور تام‌لارنینگ توبه‌سیکا قویغان یغاچ‌لارنی عراق درلار
واسالارنینگ توبه‌سیغه بورا بورانینگ توبه‌سیغه قموش قموش‌نینگ
توبه‌سیغه یاخال یاخال‌نینگ توبه‌سیغه توپا توپانینگ توبه‌سیغه
قرا لای قرا لای‌نینگ توبه‌سیغه کاکیل لای سالیپ سوایدور
بعضی اوی‌لارنی کیج بیلان و بعضی اوی‌لارنی کوک سغیز و قزل
سغیز آک‌لار بیلان قرا سوواق‌لاری‌نی کاکیل لای بیله سوایدور
قرا لای‌نی توپا و سو بیلان کاکیل لای‌نی لایغه سامان الشتوروب
ایتادور یغاچی‌لار اوی‌لارکه خار تارتقانوا تون قویادور هردیکارلارغه اویان

## بىساتنىڭ بەيانى

ئۆيگە سالماق ئۈچۈن ئىشلەتەدۇرغان نەمەرسەلەر: ئەۋۋەل سالادۇرغانى بورىيادۇر ياكى بورا. ئانى جاڭگال يەردە ئۈزۈن يوغان قامۇشنى ئوراپ، توخماق بىلەن سوقاپ يەنجىپ، بوراچىلار توقۇپ كەلتۈرۈپ ساتادۇر. كىگىز قوي يۇڭىدىن، ئانى ئاتىپ يۇمشاتىپ، ئاتقان پاختەدەك قىلىپ، يۇڭ تەييار بولغاندا، چىغدىن قىلغان بىر پارچە كىگىز مىقدارىچە چىغدىن قىلغان نەرسەسى بار، ئانى «چىغدان» ياكى

«دۇكان» دەرلەر، ئاڭا سالىپ، يۇڭنى تەكشە قىلىپ، چىغدان دۇكانى بىلەن يۆرگەپ يۇمۇلاتىپ، پۇتى بىلەن پىشۇرۇپ، كىگىز قىلادۇر. تەڭنەمەد دەپ كىگىز قىلۇر بولسا جوزئى يۇڭنى ھەر رەڭدە بوياپ، گۇل كەلتۇرۇپ پىششىقلاپ قىلىپ، ئانى تەڭنەمەد كىگىز قىلۇر. ئاندىن كېيىن گىلەم، ئانى يۇڭنى ئېگىرىپ شوينا قىلىپ ۋە يا يوغانراق يىپ قىلىپ، گىلەم توقۇپ تەييار قىلۇر. يەنە بىر قىسمى گىلەمنى پاختە يىپىدىن توقۇپ تەييار قىلۇر، بەس. گىلەم ئىككى قىسىمدۇر. بىرى يۇڭ گىلەم، ئانىڭ يىپىنى بوياپ قىلۇر؛ يەنە بىرى پاختە يىپىدىن گىلەم، ئانى ھەم جوزئىنى بوياپ يول ـ يول قىلىپ، تەغارچى توقۇپ تەييار قىلۇر. زىلچە ئەۋۋەل چىگە شويىنانى زىلچە دۇكانىغا تارتىپ، يۇڭنى ھەر رەڭلىك يۇڭنى تايلاپ، تارتىلغان ئارقاق شوينا ئۇستىگە توقۇپ، ئانىڭ ئۇستىدىن ئۆرۈشنى چىڭ قىلماق ئۇچۇن نەچچە ـــ موكىنىڭ يىپ تۇرگۇچى دەپ بىر تېمۇر نەچچىسى بار، ئانىڭ ـــ بىلەن ئارقاقلارنى چىڭ قىلادۇر. ئۇزۇن ـ قىسقالارنى تەڭشەپ توقۇيدۇر. يەنە كىچىكرەك تارراق بىر قىسمىسى بار، ئانى ھەم شۇبۇ تەرىقە بىلەن توقۇپ تۇرغاندا، يۇڭنىڭ ئېگىز ـ پەستلەرىنى قارچى بىلەن قىرقىپ تۇرۇپ راستلايدۇر. يەنە كىچىك چەھارسۇ، بىر قىسمىنى «مارۇزە» يا «دەبەسكە» ئاتارلار. ئانى توقۇماقى تەمام زىلچە چارۇشە بىلەن ئوخشاشدۇر. ئۆيگە سالادۇرغانلار ئىچىگە پاختە سالىپ يا كىگىز تىكىپ «دەبەسكە» ئاتارلار. بىساتلار جۇملەسىدىن يەنە بىرى زەردەۋال، بۇ سۆز فارسىي سۆزدۇر. ئەسلىي «زىردىۋار» دېگەن بولۇر. يەنە بىر قىسمى سۆز دەرپەردە ياكى مىلەڭدە، ئىشىككە تۇتادۇر. ئانى لەمبۇقدىن ۋە يا بوياق خامدىن قىلىپ ئىشىككە تۇتارلار. يەنە قازۇق ئۆينىڭ تۆرت تامىغا قاقارلار. مەزكۇرلار ئۆي بىساتىنىڭ جۇملەسىدىن تۇرۇر. ئۆيگە بورا سالىپ، ئانىڭ ئۇستىگە كىگىز سالىپ، ئۆي ئوتراسىغا زىلچە سالىپ، تام چۆرەسىگە زەردەۋال تۇتۇپ مىخلاپ، تۆگە دەبىسكە سالىپ، دەبىسكە بولماسا بەدەلىگە يەك ئەنداز دەپ كۆرپەنى سالىپ قويارلار. سالادۇرغان كۆرپەلەر ئەتلەسدىن، بەقەسەپ، چىت، لەمبۇق، شالىپەرلەردىن بولۇر. تامغا يىقىن چۆرگۈلتۇپ تامغا يىقىن سالىپ قويارلار. شۇبۇ قىسمى بىساتلار ئۆي بىساتلارى بولۇر.


بساطه نینک بیانی

اویکا سالماق اوچون ایشلاتادورغان نمرسه لار اوّل سالادورغانی
بوریا دور یاکه بوره انی جبنکال پریده اوزدن بوغان قموشنی اوراب
توخماق بیلان سوقاب ینجیب بوره چیلار توقوب کلتوروب ساتادور
کیکیز قوتی بولمکیدین انی ایتیب یومشاتیب اتتان پانمته دیک قیلیب.
یونک طیار بولغاندا چیغدین قیلغان بر پارچه کیکیز مقداریچه چیغدین قیلغان
نرسه سی باردور انی چیغدان یاکه دوکان دیرلار انکا سالیب یونک نی تکشه

قيليب چيغدان دوكانى بيلان يوركاب بيمولا ئيب يوتى بيلان پشوروب
كيكيز قيلور تنكنمدويب كيكيز قيلور بولسه جيزكى يونك نى هر رنكده بوياب
كل كلتوروب پشيغلاب قيليب انى تنكنمد كيكيز قيلور . اندين كين گلم
انى يونك نى ايگيريب شو يينا قيليب ويا يوغانراق ييپ قيليب گلم
توقوب طيار قيلور بنه برقسمى گلم نى باخته ييپيدين توقوب قيلور بس
گلم ايكى قسم دور برى يونك گلم اينك ييپى نى بو ياب قيلور بنه برى باخته
ييپ دين گلم انى هم جيزكى نى بوياب يول يول قيليب تغارچى توقوب
طيار قيلور . نه لچه اوّل چيكاشو يينا نى زيلچه ركا نغه تارتيب يونك نى هر رنك
ليك نى تايلاب تارتيلغان ارقاق شو يينا اوستيكا توقوب نينك
اوستيدين اوروش نى چينك قيلماق اوچون پنجه ديب برنمور پنجه سى بار
اينك بيلان ارقاق لارنى چينك قيلادور اوزون قيسقه لارنى
يننكشاب توقيدور بنه كچيكراك تارراق برقسمى سى بار انى هم
شبوطرتى بيلان توقوب تورغانلار يونك نينك ايكيرليت
لارنى قارچى بيلان قرقيب تورروب توقوب راستلايدور بنه كچيك
چهارسو برقسمى نى مارونزه يادبسكه آمارلار انى توقوماقى تمام زيلچه
ماچا رونزه بيلان اوخشاش دور اديكاسلادور غانلار ارچيكا

يافته ساليب ياكيلكز تيكيب ديبكه اثارلار بساطلار جمله سيدريني

ينه برى زرددال بوسوز فارسى سوز دور اصل زيره بوار ديكان

بولور ينه برقسمى سوز حريرده ياكه ميلانكده ايشلكنكا توتادورانى لمبوقدين

بيابوياق خام دين قيليب ايشلكنكا توتارلار ينه قازوق

اوينينك تورشتاميغه قاقارلار مذكورلار اوى بساطلى نينك

جمله سيدين تزدور . اونيكا بوره ساليب ايتيك اوستيكا كيكيز

ساليب اوى اوتراسيغه زيلچه ساليب تام چوره سيكا زرددال

توتوب ميخلاب توكاديبكه ساليب ديبكه بولماسا بدليكا

يك انداز ديب كورپه نى ساليب قويارلار سالادورغان كورپه لار

اطلس دين بقصب لمبوق چيت شاليرلاردين بولور تامغه يقين

چوركولتوب تامغه يقين ساليب قويارلار شبوقسمى بساطلار

اوى بساطلارى بولور .

يەشمىسى

## كەنتنىڭ بايانى

شەھەر سىپىلىنىڭ سىرتى ئاۋات يەر بولۇپ، دەل ـ دەرەخلىك يەرنى كەنت دەپ ئاتايدۇ. كەنتلەردە دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى دېھقانچىلىق بولۇپ، كەتمەن چېپىش ۋە زىرائەت تېرىشتۇر. ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرى دېھقانلاردەك كۆچەتۇڭگۈر، يەر ـ سۇلىرى ئىنتايىن كەڭرىدۇر.

ئۇلاردىن ھالى بارلىرى ئۆز كەنتلىرىدە دەل ـ دەرەخ، باغ ـ باراڭ، ھويلا ـ ئىمارەت، مال ـ كالا، قوي ـ پادا، ئات ـ ئۇلاغلارنى ئىمكانىيىتىگە يارىشا راسلاپ، مەزكۇر كەنتتە باي ئاتالغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ يەر ـ سۇلىرى كۆپ بولغاچقا، قولۇم ـ قوشنا، يىللىقچى ـ ئايلىقچىلىرىمۇ ئىشىغا يارىشا كۆپ بولىدۇ. بۇلارنىڭ يەرلىرى كۆپ بولغاچقا، ھويلىلىرىنىڭ چېگراسىغا ياندىشىپ، يېقىن يەنە بىر كىشىنىڭ ھويلىسى يوقتۇر. شۇ سەۋەبتىن بايلارنىڭ ھويلا يېرىنىڭ ئىچىدە ھويلا يوقتۇر. نېرىسىدا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئىمارەتلىرى باردۇر. يېرى ئاز دېھقانلارنىڭ يېرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ھويلىدا ئۆي ـ ئۆيلەرگە ياندىشىپ ھويلىلار باردۇر. يەرلىرى كۆپ كىشىلەر يەرلىرىنى قولۇم ـ قوشنىلىرىغا تېرىغىلى ئورتاققا بېرىپ تېرىتقۇزىدۇ. ئۇلارغا ئۇرۇقنىڭ يېرىمىنى، قوش كالىسىنىڭ يېرىمىنى زېمىن ئىگىسى بېرىدۇ. ئۆي، ئۇرۇقنىڭ يېرىمى قوشنىنىڭ گەدىنىگە چۈشىدۇ. ئۇلار ئورتاققا تېرىغان يەرنىڭ ھوسۇلىنى تەڭ ـ باراۋەر قىلىپ، يېرىمىنى يەر ئىگىسى ئالىدۇ، يەنە يېرىمىنى ئورتاقچى ئېلىپ، خانلىق ئۆشرىنى، يەنى ئوندىن بىرىنى يەر ئىگىسىگە بېرىدۇ. زېمىن ئىگىسى ھەپتىدە بىر كۈن قوشنىلىرىنى ئۆز ئىشىغا سالىدۇ. ئىشقا سالغان كۈندىكى يېمەك ـ ئىچمەكنى زېمىن ئىگىسى بېرىدۇ. زېمىن ئىگىسى ئۆزىگە قالغان تېرىلغۇ يەرنى مۈلۈك تېرىلغۇ دەيدۇ. ئورتاقچى تېرىغاننى ئورتاقچى تېرىلغۇسى دەيدۇ. ھەممە كەنتلەرنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداقتۇر.

**كەنتلەرنىڭ ئىسمى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەر:** ھەر كەنتتە بىر چوڭ ئېرىق سۇلىرى بار. چوڭ ئېرىقتىن بىر نەچچە ئېرىقلارغا ئايرىلىپ، ئاندىن ھويلا ئېرىقىغا ئايرىلىدۇ. مەزكۇر چوڭ ئېرىقنىڭ سۈيىنى تەقسىملىسە، بىر كەنتكە يېتىدۇ. ئۇنى بىر كەنت ۋە كەنت ئېرىقى دەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆستەڭ ۋە ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىرنەچچە كەنتكە ئايرىلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ چوڭىنى «مىشار» دەپ ئاتايدۇ. مىشاردىن چوڭىنى «يېيىلچاق» دەپ ئاتايدۇ. يېيىلچاقتىن چوڭىنى «ئورپا» دەپ ئاتايدۇ. ئورپادىن چوڭى دەريادۇر. شەھەردىن قانچىكى يىراق كەنتلەرنىڭ ھويلىلىرى تارقاق، بىر ـ بىرىدىن يىراق، ئادەملىرى ئاز، يەرلىرى كۆپ بولىدۇ. يەرلىرىمۇ ساي بولۇپ، كەتمەن تەگمىگەن، قىغ يېمىگەندۇر، ئاۋاتلىقى شەھەر ئەتراپىدىكى كەنتلەردەك بولمايدۇ. يىراق كەنتلەر تارچىلىق ئەمەس، يايلاقتەك كەڭرىچىلىكتۇر. دەرەخلىرى شەھەرگە يېقىن كەنتلەرگە قارىغاندا ئازراقتۇر. ئامبارغا ئىككى يۈز دەن ئاشلىق بېرىلىدىغان كەنتلەردە بىر يۈزبېشى تۇرىدۇ. ھەر يۈزبېشىنىڭ قول ئاستىدا بىرنەچچە ئونبېشى باردۇر. قەشقەردە يۈزبېشىنى «چوڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئالايلۇق، «پالانى چوڭ» ياكى «پۇستانى چوڭ» دېگەندەك. بىرنەچچە كەنتتە بىر يۈزبېشى ۋە بىرنەچچە يۈزبېشى ئۈستىدە بىر مىراب تۇرىدۇ. كەنتلەردىكى كىچىك دەۋالارنى مىراپ بەگ ئۆزى سورايدۇ، لېكىن چوڭ دەۋا بولسا يامۇلغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

**شەھەرنىڭ بايانى:** شەھەرنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، سېپىلغا يوغان تۆت ياكى بەش دەرۋازا بېكىتىپ، ئۇنى شەھەر دەپ ئاتايدۇ. سېپىلنىڭ ئۈستىگە قوختا قويىدۇ. سېپىلنىڭ ئىچى، يەنى دەرۋازىنىڭ ئىچىنى شەھەر دەپ ئاتايدۇ، دەرۋازىنىڭ تېشى ھەرقانچە ئاۋات بولسىمۇ شەھەر دەپ ئاتىمايدۇ. شەھەرنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەر ئۈچۈن سارايلار، دۇكاندارلار ئۈچۈن دۇكانلار، رەستىلەر، كوچىلار، مەسچىتلەر، خانىقالار، مەدرىسەلەر، مەكتەپلەر، ھاممام ۋە ھېيتگاھ باردۇر. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتى ھەرقانچە ئاۋات بولسىمۇ، سودىگەرلەر چۈشىدىغان جايلارنى ساراي دەپ ئاتىمايدۇ، ئەكسىچە «دەڭ» دەپ ئاتايدۇ. شەھەر ئىچىدە ھاكىم، ئەئلەم، قازى، مۇپتى، سودىگەر، بايلار، ھۈنەرۋەن، كاسىپلار ئەھۋالىغا يارىشا ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سېلىپ ئولتۇرىدۇ. شەھەر خەلقى ئۆز كۆچىگە يارىشا ئۆي سېلىپ ئولتۇرىدۇ. شەھەر ئىچىدە كۆللەر، ئېرىقلار باردۇر. ھۆكۈمەت سوراقچىلىرى

ئولتۇرۇپ سوراق قىلىدىغان جايلارنى «يامۇل» دەپ ئاتايدۇ. شەرىئەت ئاخۇنلىرى ئولتۇرۇپ سوراق قىلىدىغان جاينى شەرىئەت مەھكىمەسى دەيدۇ. شەھەر ئىچىدە نۇرغۇن يەردە مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر بار. مەسچىتلەرنىڭ پەشتىقى، ھېيتگاھنىڭ گۈمبەز مۇنارى بار. نېمىگە ھاجەت بولسا شەھەر ئىچىدىن تېپىلىدۇ.

## باياۋان ۋە جاڭگالنىڭ بايانى

ئىنساننىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان، شۇنداقلا ۋەھشىي ھايۋانلار خاتىرجەم يۈرىدىغان، ئوت كۆندە ياكى ئوت ئايدا چېتىگە يەتكىلى بولمايدىغان جاينى باياۋان دەيدۇ. باياۋاندا يولۋاسلار كۆپىيىپ غولدايدۇ. جانىۋارلار بالا چىقىرىپ كۆپىيىدۇ. كېچە ـ كۈندۈز ھېچنېمىدىن پەرۋا قىلمايدۇ. ياز ـ قىش يايلاپ يۈرىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار يولۋاسلارنىڭ ئالدىغا يولۇقسا، يولۋاس ئۇنى يېمەكلىك قىلىدۇ. بەزى جايلاردا دەريالار ئاقىدۇ، بەزى جايلاردا قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق. قاينىمىغا ئادەم ئۇقۇشماي ئېزىقىپ كىرىپ كەتسە، ھالاك بولماي قالمايدۇ. بەزى جايلاردا مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز ياۋا گىياھلار كۆپ بولىدۇ. ھەرخىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ پىشىدۇ. ھەرخىل دەرەخلەر كۆپ بولىدۇ. چوڭ دەرەخلەر يوغىناپ قېرىپ يىقىلىپ تۇپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئىنسانلار ئېھتىيات قىلىدۇ. مۇنداق ھەيۋەتلىك جاينى باياۋان دەيدۇ. جاڭگال دەپ پاسىلى بار، ئۆي يوق، ئەقەللىي بىر ـ ئىككى كۈنلۈك زېمىننى جاڭگال دەيدۇ. جاڭگالدا ئوت كۆپ ئۆسىدۇ. چارۋىچىلار چېدىر تىكىپ ئولتۇرۇپ كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار كەلسە، ملتىق بىلەن ئېتىپ يوق قىلىدۇ. بەزى يەردە ئولتۇرغۇدەك ئۆي ۋە دەرەخلەرمۇ بولىدۇ. مۇنداق جاينى جاڭگال دەيدۇ. بەزى جاڭگالدا سۇ، دەرەخلەر بولمايدۇ. ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولىدۇ. ئازراق يەرلەردە ئادەملەر ئولتۇرۇپ زىرائەت تېرىيدۇ. تەييار تۇرمىسا، ياۋا توڭگۇزلار كېلىپ زىرائەتنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىدۇ.

## ئىمارەتنىڭ بايانى

بىر باي ئادەم ئىمارەت بىنا قىلىشنى خالىسا، ئىمارەت سالىدىغان جاينىڭ ئۇلىغا خاڭ سېلىپ چىڭداپ، تۈپىسىگە قۇم قۇيۇپ تەييار قىلىدۇ. ئاندىن تامچى تانا تارتىپ تامنىڭ ئۇلىغا تاش تىزىپ ئۇل قويىدۇ. تاشنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت بورا، بەش قەۋەت پىششىق خىش قويۇپ، قالغىنىغا خام خىش قويۇپ تام ئېتىدۇ. خىشلارنىڭ قەۋەتلىرىگە قۇم بىلەن سېغىزنى ئارىلاشتۇرۇپ بوزا قىلىپ قويىدۇ ياكى ھاك بىلەن قۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ قوچۇپ دوغاپ قىلىپ قويىدۇ. بەزى تاملارغا قارا لاينى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. تاملار تەييار بولغاندا، ياغاچچىلار سارايىنىڭ ئارىسىغا لىم تارتىدۇ. ئاشۇ ئۇزۇن لىمنى «جەگە» دەيدۇ. تاملىرىغا تەكچە، مېھراب، مورا چىقىرىدۇ. تالا تەرەپكە پەنجىرە قويىدۇ. ئىشىكلىرىگە كېشەك بېكىتىدۇ. ئىچكىرىكى ئۆينى «ساراي» دەيدۇ. تاشقىرىقى ئۆينى «ئايۋان» دەيدۇ. ئىككى يېنىغا بىنا قىلغان ئۆيلەرنى «ھۇجرا»، ئايۋاننىڭ ئۇدۇلىغا سالغان ئۆينى «مېھمانخانا»، سارايىنىڭ ئىچىگە سالغان ئۆينى «قازناق» دەيدۇ. ئايۋاننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا توختاتقان تۆۋرۈكلۈك ئۆگزىنى «پېشايۋان» دەيدۇ. ئايۋان ـ مېھمانخاننىڭ ئارىلىقىدىكى ئۆتۈشمە (كارىدور)نى «دەھلىز» دەيدۇ. ئۆگزىلەرگە لىم ياغاچ سالىدۇ. ياغاچلارنىڭ ئارىلىقىغا ۋاسا سالىدۇ. تاملىرىنىڭ تۈپىسىگە قويغان ياغاچلارنى «ئاراق» دەيدۇ. ۋاسىلارنىڭ

تۆپىسىگە بورا، بورىنىڭ تۆپىسىگە قومۇش، قومۇشنىڭ تۆپىسىگە پاخال، پاخالنىڭ تۆپىسىگە توپا، توپىنىڭ تۆپىسىگە قارا لاي، قارا لاينىڭ تۆپىسىگە كاكىل لاي سىلىپ سۇۋايدۇ. بەزى ئۆيلەرنى گەج بىلەن، بەزى ئۆيلەرنى كۆك سېغىز ۋە قىزىل سېغىز، ھاكلار بىلەن، قارا سۇۋاقلارنى كاكىل لاي بىلەن سۇۋايدۇ. قارا لايني توپا ۋە سۇ بىلەن، كاكىل لاينى لايغا سامان ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىدۇ. ياغاچچىلار ئۆيلەرگە لىم تارتقاندا تون قويىدۇ. مەدىكارلارغا ئوبدان...

## بىساتنىڭ بايانى

ئۆيگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر ئاۋۋال سالىدىغىنى بورىيا ياكى بورادۇر. ئۇنى جاڭگالدا ئۆزۈن، يوغان قومۇشنى ئوراپ، توقماق بىلەن سوقۇپ يانچىپ، بورىچىلار توقۇپ ئەكېلىپ ساتىدۇ.

كىگىز قوي يۇڭىدىن قىلىنىدۇ. قوي يۇڭىنى ئېتىپ يۇمشىتىپ، ئاتقان پاختىدەك قىلىپ، يۇڭ تەييار بولغاندا، بىر پارچە كىگىز چوڭلۇقىدا چىغدىن قىلغان بىر نەرسىسى بار، ئۇنى «چىغدان» ياكى «دۈكان» دەيدۇ، شۇنىڭغا سېلىپ، يۇڭنى تەكشى قىلىپ، چىغدان دۈكىنى بىلەن يۆگەپ دومىلىتىپ، پۇتى بىلەن پىشۇرۇپ، كىگىز قىلىدۇ. تەڭلىمات دېگەن كىگىزنى ئەتمەكچى بولسا، قىسمەن يۇڭنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ گۈل كەلتۈرۈپ پىشىقلاپ تەڭلىمات كىگىز قىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن گىلەم. ئۇنى يۇڭنى ئېگىرىپ شوينا ياكى يوغانراق يىپ قىلىپ، گىلەم توقۇپ تەييار قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم گىلەمنى پاختا يىپىدىن توقۇپ تەييار قىلىدۇ، خالاس. گىلەم ئىككى تۈرلۈكتۇر. بىرى يۇڭ گىلەم بولۇپ، ئۇنىڭ يىپىنى بوياپ قىلىدۇ؛ يەنە بىرى پاختا يىپتىن توقۇلغان گىلەم بولۇپ، ئۇنىڭمۇ قىسمەن يىپىنى بوياپ يول - يول قىلىپ، ئاندىن تاغارچى توقۇپ تەييار قىلىدۇ. زىلچا ئاۋۋال چىگە شوينىنى زىلچا دۈكىنىغا تارتىپ، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭنى تايلاپ، تارتىلغان ئارقاق شوينا ئۈستىگە توقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈشتە ئىشلىتىدىغان تۆمۈردىن ياسالغان ناچا دېگەن بىر نەرسە بىلەن ئارقاقلارنى چىڭىتىدۇ. ئۆزۈن - قىسقىلىرىنى تەڭشەپ توقۇيدۇ. يەنە كىچىكرەك، تارراق بىر خىلى بار، ئۇنىمۇ مۇشۇ شەكىلدە توقۇپ، يۇڭنىڭ ئېگىز - پەسلىرىنى قايچا بىلەن قىرقىپ تەييار قىلىدۇ. يەنە كىچىك چاسا بىر خىلىنى «مەرۇزە» ياكى «دەبەسكە» دەيدۇ. ئۇنى توقۇش ئۇسۇلىمۇ چارۇشنى توقۇشقا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. ئۆيگە سالىدىغانلار ئىچىگە پاختا سېلىپ ياكى كىگىز تىكىپ ئۇنى «دەبەسكە» دەيدۇ. بىساتلار جۈملىسىدىن يەنە بىرى زەدىۋالدۇر، بۇ پارىسچە سۆز بولۇپ، ئەسلى «زەردىۋار» دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر خىلى «دەرپەردە» ياكى «مىلاڭدە(زە)» بولۇپ، ئۇنى ئىشىككە تۇتىدۇ. ئۇنى لەمبۇقدىن ياكى بوياق خامدىن قىلىپ ئىشىككە تۇتىدۇ. ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قوزۇق قاقىدۇ. مۇشۇلار ئۆي بىساتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆيگە بورا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز سېلىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا زىلچا سېلىپ، تامنىڭ چۆرىسىگە زەدىۋال تۇتۇپ، تۆرگە دەبەسكە سېلىپ، دەبەسكە بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يېكەنداز دېگەن كۆرپىنى سېلىپ قويىدۇ. سالىدىغان كۆرپىلەر ئەتلەس، بەقەسەم، چىت، لەمبۇق، شەلپەرلەردىن قىلىنىدۇ. تامغا يېقىن چۆرگۈلىتىپ، تامغا يېقىن سېلىپ قويىدۇ. مانا بۇ بىساتلار ئۆي بىساتلىرىدۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

شىرىن قۇربان

# پارس ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگودا تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىنىشى

ئىران قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئىراننىڭ مەملىكىتىمىز بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. غەربىي خەن ئەلچىسى جاڭ چيەن ئىران تارىخىدا ئۆتكەن ئارشاكلار خانلىقى① غا بارغان. قەدىمكى «يىپەك يولى»دا جۇڭگو بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى بېرىپ ـ كېلىشلەر ۋە سودا ـ ئالاقە ئىشلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان. بۇ ھەقتە خىلمۇخىل ھېكايە ـ قىسسەلەر، ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار، يازما خاتىرىلەر بار.

پارس ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشىغا ئائىت تۇنجى مەلۇمات قوجۇدىكى مەلۇم بىر جايغا دەپنە قىلىنغان بىر ئىرانلىق كىشىنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغان پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام (1040 ـــ 1123) نىڭ بىر رۇبائىيسىدا ئۇچرايدۇ.

> قارا يەر تەھتىدىن تا ئەۋجى زۇھەل،
> كائىنات سىرلىرىن بارىن قىلدىم ھەل.
> كۆپ مۇشكۈل تۈگۈننى ئاچقىرىپ، يەشتىم،
> يېشىلمەي قالغىنى پەقەت بىر ئەجەل②.

بۇ رۇبائىي 1306 ـ يىلى ئويۇلغان.

14 ـ ئەسىردە جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن ماراكەشلىك مەشھۇر سەييياھ ئىبنى بەتۇتە (1304 ـــ 1377) ئۆزىنىڭ «ئىبنى بەتۇتە ساياھەت خاتىرىلىرى»دە خاڭجۇ مەھكىمىسىنىڭ گۈلبېغىدا كىشىلەرنىڭ سەئدى شىرازىي (1203 ـــ 1292) نىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى خاتىرىلىگەن ھەمدە شېئىرلارنىڭ تېكىستىنى تەھقىقلاپ چىققان.

شەيخ سەئدىينىڭ «گۈلىستان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى مىڭ ـ چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئون ئۈچ دائىمىي ئوقۇشلۇقىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئېلىمىزنىڭ خويزۇ ئالىمى ۋاڭ جىڭجەي (1879 ـــ 1948) ئەپەندى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە «گۈلىستان»نى پارسچىدىن بىۋاسىتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. 1958 ـ يىلى شۈي جيەنشياڭ ئەپەندى «گۈلىستان»نى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. 1989 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندى سەئدىينىڭ يەنە بىر ئەسىرى «بوستان»نى پارسچىدىن خەنزۇچىغا

---

① قەدىمدە ئىراندا ئۈچ چوڭ خاندانلىق ئۆتكەن: 1. ئەھمانىيلار خانلىقى (پېرسىيە ئىمپېرىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 599 ـ يىلدىن 330 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن). 2. ئارشاكلار خانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 250 ـ يىلدىن مىلادىيە 224 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن). 3. ساسانىيلار خانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 224 ـ يىلدىن 65 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن). بۇ ئۈچ خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى 1000 يىلدىن ئاشىدۇ.

② «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى، خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 95 ـ بەت.

تەرجىمە قىلغان. ئىلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىنىڭ ھەممىسىدە سەئدىي بىلەن شىرازىينىڭ «گۇلىستان» ۋە «بوستان» ئەسەرلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس قىلىپ ئۆتۈلدۇ. جۇڭگونىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيەلىرى، قامۇسلىرى ۋە لۇغەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە شەيخ سەئدىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بەلگىلىك سەھىپە بېرىلگەن.

«4 ـ ماي ھەرىكىتى»دىن كېيىن، ئىلىمىزدە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى تەرجىمە قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئەنگلىيەلىك ئالىم ئىدۋارد. فىسجىرالد (1809 ــ 1883) تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» سەۋەب بولدى. 1919 ـ يىلى ئىلىمىز ئالىمى خۇ شى (1891 ــ 1962) ئۆمەر ھەييامنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى:

بىر كۆچۈم بولغاندا تەڭرىدەك گويا،
بۇزاتتىم پەلەكنى مۇنداق بىۋاپا.
ياخشىلار مەقسەتكە يەتكۈدەك تولۇق
قۇراتتىم بىر پەلەك ــ بىر يېڭى دۇنيا[①].

1923 ـ يىلى ئۆمەر ھەييامشۇناس فىسجىرالد ۋاپاتىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتاقلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان گو مورو (1892 ــ 1978) ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ 4 ـ قېتىملىق نەشرىگە ئاساسەن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ھەم ئۇنىڭغا تەتقىقات خاراكتېرلىك ئۇزۇن مۇقەددىمە يېزىپ بەرگەن. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فىسجىرالد ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى خۇاڭ گوشى ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»نى نەشر قىلغاندى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2002 ـ يىلىغا قەدەر ئۆمەر ھەييامنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان رۇبائىيلىرىنىڭ نۇسخىسى 20 دىن ئاشقان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى بىۋاستە پارسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئالتە خىلدىن ئاشقان. بۈگۈنكى كۈندە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى تەتقىقاتچىلىقى دۇنياۋى بىر پەنگە ئايلاندى. ئىراقنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مەكتابى مىنۇنىڭ ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، 1929 ـ يىلىغا قەدەر ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئېلان قىلىنغان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر 1500 پارچىدىن ئاشقان. ئىراننىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى ۋە ئالىمى سەئىد نەفىسىينىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 32 خىل، فىرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسى 11 خىل، ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسى سەككىز خىل، ئىتالىيانچە تەرجىمە نۇسخىسى بەش خىل، رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى تۆت خىل، تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى تۆت خىل بولغان. فىسجىرالد تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىلا 1925 ـ يىلىغا قەدەر جەمئىي 139 قېتىم نەشر قىلىنغان[②]. 20 خىل خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا بىلەن ئۈچ خىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخا تېخى بۇ سانىنىڭ ئىچىدە ئەمەس.

① «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، نۇرمۇھەممەد ئېركى تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 8 ـ بەت.

② «چەت ئەل ئەدەبىياتى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 66 ــ 67 ـ بەتلەر. بۇ نەقىل شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن، ئاتىكەم زەمىرى يازغان «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»دىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 328 ـ، 239 ـ بەتلەر.

1927 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى جېڭ جېندۇ (1898 ــ 1958) «ئەدەبىيات پىروگراممىسى» ناملىق كىتابتا مەخسۇس باب ئاجرىتىپ، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان. ئۇ مەزكۇر كىتابنىڭ 15 ـ بابىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئوتتۇرا ئەسىر ھەقىقەتەنمۇ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى. ئۇلار گەرچە بىر مەزگىل ئەرەبلەرنىڭ، بىر مەزگىل موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەتتە ئۇلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ شائىرلىرى مۇشۇ مەزگىللەردىمۇ ئۆزىنىڭ كارامەت ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، پارس شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. ياۋروپالىقلارغا ئەڭ تونۇش بولغان فىردەۋسىي (934 ــ 1037)، ئۆمەر ھەييام، سەئدىي ۋە ھافىز شىرازىي (1320 ــ 1389) قاتارلىقلار دەل مۇشۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەندى»[①]. جېڭ جېندۇ ئۆز كىتابىدا 30 نەپەر پارس شائىرىنى تونۇشتۇرغان، فىردەۋسىي، نىزامىي (1141 ــ 1203)، سەئدىي ۋە ھافىز شىرازىي قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

1934 ـ يىلى ئىران ھۆكۈمىتى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىدىن «شاھنامە» ئېپوسىنىڭ مۇئەللىپى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى بىرلىكتە خاتىرىلەشنى چاقىرىق قىلغان. دۆلىتىمىز بۇ دۇنياۋىي پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى ۋە «شاھنامە»دىن پارچىلارنى تەرجىمە قىلدى.

1958 ـ يىلى «گۈلىستان» ئىجادىيىتىنىڭ 700 يىللىق خاتىرە يىلى ئىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شەيخ سەئىد شىرازىينى شۇ يىلىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى دەپ بېكىتتى. ئېلىمىزدە بولسا خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «گۈلىستان»نى يەنە بىر قېتىم نەشر قىلدى. مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس جېڭ جېندۇ خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سەئدىي ئىنسانپەرۋەر ئىدىيەنى ئاكتىپ تەرغىب قىلغۇچى بىر ئۇلۇغ شائىر. ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋر، يەنى 13 ـ ئەسىردىكى پارس ھەم شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە دەۋر روھىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن.»[②]

1958 ـ يىلى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى سۇڭ جاۋلىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن «رۇداكى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، پەن چىڭلىڭنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن «رۇداكى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، «پارس ھېكايىلىرى توپلىمى» (پەن چىڭلىڭ تەرجىمىسى)نى نەشر قىلىپ تارقاتتى. 1962 ـ يىلى بۇ نەشرىيات يەنە «ھىدايەت ھېكايىلىرى توپلىمى» (پەن چىڭلىڭ تەرجىمىسى)نى نەشر قىلدى. 1964 ـ يىلى شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى پەن چىڭلىڭ رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان «شاھنامە»دىن پارچىنى، يەنى «رۇستەم ۋە سۇھراب»نى نەشر قىلدى.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شەرق ئەدەبىياتى رەسمىي بىر دەرس سۈپىتىدە ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ بىر دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش. پارس ئەدەبىياتى شەرق ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدىكى بىر گۈزەل ئەتىرگۈل. ئۇ بىر كەسپىي دەرس سۈپىتىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. پارس تىل ـ ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، لۇغەتلىرى، قوللانمىلىرى تۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. 1987 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پارس ئەدەبىياتى بويىچە

① جالڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 439 ـ بەت.
② جالڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 440 ـ بەت.

ئاسپىرانت تەربىيەلىنىش باشلاندى. 1982 ـ يىلى دۆلەتىمىزدە «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى چەت ئەل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدا پارس ئەدەبىياتى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلۇپ، 29 شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بايان قىلىندى. شۇ يىلى يەنە پىروفېسسور جاڭ خۇڭنىيەننىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن پارسچە ماتېرىياللار ئاساسىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىي ژۇرنىلى «چەت ئەل ئەدەبىياتى»نىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، 10 كىلاسسىك شائىرنىڭ ئەسەرلىرى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىندى.

1983 ـ يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى پىروفېسسور جاڭ خۇڭنىيەننىڭ پارسچىدىن بىۋاسىتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ئىراننىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى نىزامى گەنجەۋىينىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت داستانىنى نەشر قىلدى. ئاپتور بۇ كىتابقا ئۇزۇن بىر مۇقەددىمە يېزىپ، نىزامى گەنجەۋىينىڭ ھاياتى ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتتى.

1984 ـ يىلى «گۈلىستان»نى تەرجىمە قىلغان شۈي جيەنفۇ بىلەن پىروفېسسور جاڭ خۇڭنىيەن ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەئدى شىرازىينى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. شۈي جيەنفۇ يىغىنغا «گۈلىستان»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى تەقدىم قىلدى. جاڭ خۇڭنىيەن «سەئدى جۇڭگودا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

1990 ـ يىلى تېھران ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمكارلىشىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىدا «ئىران مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى»نى تەسىس قىلدى. تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سەئىد جاففار شەھىدىي يىغىندا سۆز قىلىپ، ئىران ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىران مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈچ قېتىم ئىران ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىن ئېچىلىۋاتقان ۋاقىتتا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىران زۇڭتۇڭى ھاتەمى جۇڭگودا زىيارەتتە ئىدى. ئىران بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا يەتتە ئالىم ئەۋەتتى. ئېلىمىز شىنجاڭدىن ئون ئالىم ـ مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، ئىران ئەدەبىياتى بىلەن شىنجاڭ مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1990 ـ يىلى ئىراندا فىردەۋسىي «شاھنامە»سىنىڭ 1000 يىللىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئېلىمىزدىن سەككىز ئالىم يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ھەمدە بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

1993 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى پىروفېسسور جاڭ خۇڭنىيەن تۈزگەن «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»نى نەشر قىلدى. 2007 ـ يىلى بۇ ئەسەر كۈئېنلۈن نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئېلىمىزدە پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە نەشر قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، زامان جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئەسەر بۈنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «يادىكار زەرىران» داستانى، «ئاۋېستا» دەستۇرى دېگەندەك. ماكان جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئەسەر ئىران مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ئىچىدىكى بارلىق ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى دېگەندەك... يېزىق جەھەتتىن ئالغاندا، ئەسەر قەدىمكى پارس تەسۋىرىي

يېزىقى، قەدىمكى سوغدى يېزىقى، ئوتتۇرا قەدىمكى پەھلەۋى يېزىقى، يېقىن قەدىمكى دەرى يېزىقى ۋە ھازىر زامان پارس يېزىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتە، كىتاب پارس ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىرنەچچە خىل ئۇسلۇبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار: خوراسان ئۇسلۇبى (رۇداكى ئۇسلۇبى)، رۇبائىيچىلىق ئۇسلۇبى (ئۆمەر ھەييام ئۇسلۇبى)، ئىراق ئۇسلۇبى (سەئىدىي ئۇسلۇبى)، خەمسەچىلىك ئۇسلۇبى (نىزامىي گەنجەۋىي ئۇسلۇبى)، تەسەۋۋۇپچىلىق ئۇسلۇبى (جالالىددىن بەلخىي ياكى جالالىددىن رۇمىي ئۇسلۇبى) ۋە ھىندى ئۇسلۇبى (مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل ئۇسلۇبى)دىن ئىبارەت. تەسىر جەھەتتە، ئەسەر ئىران ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ۋە غەرب ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە باشقىلار.

1994 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى «شەرقنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقاتچى يۈەن ۋېنچى ئىراننىڭ 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا قەدەر بولغان ئەدەبىياتىنى نىسبەتەن تەپسىلىي بايان قىلغان.

1997 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى يۈەن ۋېنچىنىڭ «قەدىمكى پارسنىڭ دىن ۋە ئەپسانە تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. ئارقىدىنلا 2005 - يىلى شاڭۋۇ كىتابچىلىق ئىدارىسى يۈەن ۋېنچىنىڭ «زەردۇشت دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى ــ ‹ئاۋېستا›»نى نەشر قىلدى. بۇ ئىككى كىتاب قەدىمكى ئىران زەردۇشت دىنى ۋە زەردۇشت مەدەنىيىتى مەنزىرىسىنى كىشىلەرگە نامايان قىلدى.

2003 - يىلى ئېلىمىزدە ئىران ئەدەبىياتىنىڭ مول ھوسۇللۇق يىلى بولدى. خۇنەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى چوڭ ھەجىملىك 18 توملۇق «پارس كلاسسىك خەزىنىسى»نى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇلار: جاڭ خۇي تەرجىمە قىلغان «رۇداكى شېئىرلىرى» (1 توم)؛ جاڭ خۇڭنىيەن، سۇڭ پېيفاڭ تەرجىمە قىلغان «شاھنامە» (6 توم)؛ مۇ خۇڭيەن، جاڭ خۇي، يۈەن ۋېنچى، ۋاڭ يىدەن، سۇڭ پېيفاڭلار تەرجىمە قىلغان «مەسنەۋى رۇمىي» (6 توم)؛ جاڭ خۇڭنىيەن تەرجىمە قىلغان «رۇبائىيات» (1 توم)؛ جاڭ خۇڭنىيەن تەرجىمە قىلغان «بوستان» ۋە «گۈلىستان»؛ شىڭ بىڭشۈن تەرجىمە قىلغان «ھافىز لىرىكىلىرى» (2 توم)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى، مەرھۇم پىروفېسسورى جى شيەنلىن (1911 ــ 2009) بۇ يۈرۈشلەشكەن كىتابلارغا «پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى دۇنيا پوئېزىيەت گۈلزارىدىكى بىباھا خەزىنە. جۇڭگو - ئىران دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ تولىمۇ كېرەك» دەپ بېغىشلىما يازغان ھەمدە تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سەئىد جاففار شەھىدىي بىلەن بىرلىكتە بۇ يۈرۈشلەشكەن كىتابلارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. بۇ 18 كىتابنىڭ بىر يولدىلا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى كاتتا قۇتلۇق ئىش بولۇپ، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

2007 - يىلى 11 - ئايدا ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى 34 - قېتىملىق يىغىنىدا قارار ماقۇللاپ، 66 تارىخىي شەخس ۋە بىر شەھەرنى 2008 -، 2009 - يىللاردا خاتىرىلىنىدىغان شەخسلەر قىلىپ بېكىتتى. تاجىكىستان، ئافغانىستان، ئىران ۋە قازاقىستان تەكلىپ بەرگەن تاجىك كلاسسىك شائىرى ئابدۇللا جاففار رۇداكىي بىلەن تۈركىيە ئىلتىماس قىلغان ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىي (1008 ــ 1105) شۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ب د ت نىڭ نيۇروكتىكى باش ئىشتابىدا ئۆتكۈزۈلگەن رۇداكى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1150 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا ب د ت باش كاتىپى بان كىمون ۋە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى قاتناشتى. تاجىكىستان، ئىران، ئافغانىستان، گېرمانىيە، جۇڭگو، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە خاتىرىلەش يىغىنى، رۇداكى ئىلمىي

مۇھاكىمە يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، كۆرگەزمە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىنسانىيەت پوئېزىيەت تارىخىدا 1 مىليون 300 مىڭ مىسرالىق شېئىر يازغان رۇداكىنىڭ «شائىرلار پىرى»، «شائىرلار شاھى» دېگەن ئۇلۇغ نامى ۋە ئورنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇرۇلدى. رۇداكىغا ئاتاپ كىتابلار نەشر قىلىندى.

ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان پارس ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ سانى 85 كىتابقا يېتىدىكەن[①]. «جۇڭگو ئىرانشۇناسلىقى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، جۇڭگونىڭ ئىرانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە يېزىلغان كىتابلار 276 پارچە، ئىلمىي ماقالىلەر 1067 پارچە، تەرجىمە ئەسەرلىرى 247 پارچە بولۇپ، جەمئىي 1590 پارچە ئىكەن[②].

ئەمدى بىز دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى تاجىك ـ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىز شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىنىشىغا قارىتىمىز.

ئۇيغۇر تىلى ئالەمدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە ماھىر تىل. پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ تارىخى خېلىلا ئۇزاق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى رازاق مەتنىياز ئەپەندى باش مۇھەررىرلىكىدە ئىشلەنگەن «غەربىي رايون تەرجىمە تارىخى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، پارس ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى 13 ـ، 14 ـ ئەسىردە باشلانغان. بۇنىڭغا 13 ـ، 14 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر يازغۇچى نەسرىددىن رابغۇزىينىڭ «قىسەسسۇل ـ ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسەلىرى) ناملىق ئەسىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كىتاب ئەسلىدە خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان، كېيىنچە نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1697 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەرلىك موللا ئابدۇشۇكۇر بۇ كىتابنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

1978 ـ يىلى ئېچىلغان پارتىيەنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەدەنىيەت ساھەسى راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. ئازادە مۇھىت ۋە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى مىللەتلەر ئارا، دۆلەتلەر ئارا بولغان دوستلۇقنى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا 70تىن ئارتۇق پارسچە ئەسەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىش قىيىن. شۇڭا، تۆۋەندە شۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىك 10 پارچە ئەسەرنى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرىمىز.

1. «شاھنامە»: ئەسلىي ئاپتورى ھەزرىتى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي. بۇ ئەسەر 1687 ـ يىلى موللا شاھ ھىجران تەرىپىدىن ئالدىنقى يېرىم بۆلىكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1780 — 1797 ـ يىللىرى موللا خامۇش ئاخۇن ياركەندىي «شاھنامەئى تۈركىي» نامىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئابدۇشۇكۇر مەتىمىن بىلەن ئابدۇۋەلى خەلپەت بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ نەشرگە يوللىغان ھەمدە 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان[③].

2. «گۈلىستان»: ئەسلىي ئاپتورى مۇسلىھىددىن شەيخ سەئىدى شىرازىي. رەھمىتۇللا جارى تەرجىمە قىلغان، 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «گۈلىستان»نىڭ نەسرىي نۇسخىسى توختى تىللا ھاجى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر

---

① جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى2007 ـ يىلى نەشرى، 445 ـ بەتتىن 449 ـ بەتكىچە.

② ياۋجىدې باش تۈزگۈچى: «جۇڭگو ئىرانشۇناسلىقى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 237 ـ بەتتىن 324 ـ بەتكىچە.

③ بۇ كىتابنىڭ نامى «شاھنامە» ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىكى ئۆزبېكچە نامى بىلەن «شاھنامە»دىن تاللانغان داستانلار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى «شاھنامە» ئەسلىدىكى «شاھنامە»نىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ناۋادا كەلگۈسىدە «شاھنامە» ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنسا، ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئات قويۇش كېرەك؟

قىلىنغان.

3. «بوستان»: ئەسلىي ئاپتورى مۇسلىھىددىن شەيخ سەئىدى شىرازىي. قۇربان بارات تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

4. «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»: ئەسلىي ئاپتورى ئۆمەر ھەييام. بۇ ئەسەر 1981 ـ يىلى نۇرمۇھەممەت ئېركى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە 1981 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مۇھەممەد ئوسمانمۇ مەزكۇر ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە 2000 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

5. «قابۇسنامە»: ئەسلىي ئاپتورى شەمسۇلمەئالى ئەنسۇرۇل ئىسكەندەرىي قابۇس. بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1201 ـ يىلى (مىلادىيە 1787 ـ يىلى) مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1999 ـ يىلى ئابدۇرېشىت ئىسلامى بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە 1999 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

6. «كەلىلە ۋە دىمنە»: ئەسلىي ئاپتورى ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا بىننى مۇقەففا. مىلادىيە 1717 ـ يىلى موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. 1993 ـ يىلى نېمەتۇللا ئۇبەيدۇللا بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

7. «باھار دانىش»: ئەسلىي ئاپتورى شەيخ ئىنايىتۇللا. بۇ ئەسەر مىلادىيە 1897 ـ يىلى مۇھەممەد قاسىم بىننى نەزىر مۇھەممەد بۇخارىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان (نەسرىي نۇسخا). سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) نەزم شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. 1999 ـ يىلى مەمتىمىن تۇردى بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

8. «تۇتىنامە»: ئەسلىي ئاپتورى مەۋلانا نەخشەبىي. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىككى خىل نۇسخىسى بار، لېكىن تەرجىمانىنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس. (نىجات مۇخلىس، ئەخمەت ھېمىت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

9. «ھافىز شىرازىي غەزەللىرى»: ئەسلىي ئاپتورى ھافىز شىرازىي. بۇ ئەسەر مەدەلىخان بالۇن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 2005 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»غا كىرگۈزۈلگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردە زەلەيخا بېگىم تەرىپىدىن نەزمىي شەكلىدە تەرجىمە قىلىنغان. ئىسراپىل يۈسۈپ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە نۇسخىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان.

10. «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»: ئەسلىي ئاپتورى ئابدۇراخمان جامىي. مىلادىيە 1755 ـ يىلى نامەلۇم بىر تەرجىمان تەرىپىدىن «تەرجىمەئى يۈسۈپ ـ زۇلەيخا جامىي» نامىدا تەرجىمە قىلىنغان. 1991 ـ يىلى خەلىم سالىخ مەزكۇر ئەسەرنى «ئابدۇراخمان جامىي غەزەللىرى» تەركىبىدە نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان.

خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ تارىخى ئۇزاق، ئەسەرلەر كۆپ، تەكرارلىنىشلار جىق بولۇپ، ھەممىسىنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ بېرىشكە ئامالسىز بىز.

ماقالىمىزدىن قىسقىچە خۇلاسە قىلساق، جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ، جۈملىدىن بۇ ئىككى مەملىكەتتە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى تارىختىن بۇيان دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلدى. مەدەنىيەتنىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ. ئىلغار بولغان مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. ئىشىنىمىز ھەمدە ئۈمىد قىلىمىزكى، مەملىكىتىمىز بىلەن ئىراننىڭ، شۇنداقلا بۇ ئىككى مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى ھەمدە مەدەنىيەت، سودا ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئالاقىلىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ،

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن، ئاتىكەم زەمىرى: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى.

2. جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

3. رازاق مەتنىياز باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي رايون تەرجىمە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

4. يې يىلياڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئىرانشۇناسلىقى، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

5. «ئىرانولوگىيە ياۋروپا ۋە شەرقىي ئاسىيادا»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

6. جەلىر دوستخاھ (ئىران) ئەسىرى، يۈەن ۋېنچى تەرجىمىسى، شاڭۋۇ كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2005 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

ھۈسەيىن كېرىم باھادىر

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تۇنجى قېتىم سىنغا ئېلىش، تورپلاش، نوتىسىنى خاتىرىلەش، كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش تارىخىي جەريانى توغرىسىدا

تارىخ ئىنسانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن پائالىيىتىدىن ئىبارەت.
— كارل ماركس

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېتىشىپ چىققان پىروفېسسىئونال سازەندىلەر مۇزىكا تەپەككۇرىنى چوڭقۇر ئىشقا سېلىپ، ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنى تېكىست قىلغان ھالدا ئىجاد قىلغان، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە قىممەتلىك مىراس بولۇپ، بارلىق تۈركىي خەلقلەر مۇقاملىرىغا قارىغاندا ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قەشقەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە، يەنى مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان مۇزىكىشۇناس ئالىم يۈسۈپ قادىرخان (1032 - يىلى 12 - ئايدا ۋاپات بولغان، قەبرىسى قەشقەردە) باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇقامشۇناس پىروفېسسىئونال سازەندىلەر ئۇد چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ياردىمى بىلەن كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان. ئەينى زاماندىكى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى مۇزىكىغا ئائىت شېئىرىي تېكىستلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ[1].

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مىڭ يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان مۇقام نامايەندىلىرى ۋە سازەندىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش، تولۇقلاش ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، بېيىش، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ناھايىتى گۈزەل ھالەتتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

تىللاردا داستان بولغان مۇقامچىلىق ئەنئەنىسى پائالىيىتىدە، 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەر رايونىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق مۇقامچى سازەندىلەر ۋە مۇقام نامايەندىلىرىنىڭ مۇقامچىلىق تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىم.

قەشقەر رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭقى كەتكەن مۇقام ئۇستازى موللاخۇن چاڭچى ئەمەتخاننىڭ دادىسى بولۇپ، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

ئاتاقلىق مۇقامچى خۇدابەردى ئۇستاز قەشقەرلىك بولۇپ، 1830 - يىلدىن 1840 -يىلغىچە خارەزىم ۋە قوقەن خانلىق ئوردىسىدا مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ دەۋردىكى ئۆزبېك مۇقامچىلىرىغا مۇقام ئۆگىتىپ ئۇستاز بولغان ھەمدە پەرغانە ۋادىسىدا نام قازانغان.

جۇمە كەشمىر (بىرقانچە قېتىم سودا كارۋانلىرى بىلەن كەشمىرگە بارغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان) 1790 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، 1864 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھېلىم (1815 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1890 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان) ۋە سېلىم (1817 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1894 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان)لار داڭلىق مۇقام نامايەندىلىرىدىن ئىدى. بۇلار قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىن ھاكىمبەگ (1830 - يىلدىن 1848 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئوردىسىدا مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەشھۇر ئوردا مۇقامچىلىرى ئىدى. بۇلار يەنە ياقۇپبەگ (بەدۆلەت 1864 -

يىلىدىن 1878 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئوردىسىدا ئوردا مۇقامچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ نامايەندىلەرنىڭ يۈكسەك ماھارىتى توغرىسىدا 1858 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1859 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بەش ئاي قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چاررۇسىيەلىك مەشھۇر قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف «قەشقەر خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «قەشقەر جەنۇبىي يولدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر ئىكەن، ئۇ چاي سودىسى قىزىيدىغان كارۋان شەھىرى دەپ ئاتالغان. ياۋروپالىقلارغا شاڭخەي بىلەن گۇاڭجۇ قانداق مۇھىم بولسا، ئاسىيا ئۈچۈن قەشقەرنىڭ ئەھمىيىتى شۇنداق مۇھىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ گۈزەل، چىرايلىق قىز - چوكانلىرى بىلەنمۇ شەرقتە داڭ چىقارغان. قەشقەر يەنە ئۆزىنىڭ مۇزىكانتلىرى (سازەندىلىرى)، شائىرلىرى ھەمدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى يېڭىسار كەندىرى بىلەن مەشھۇر بولغان، شۇڭا ئاسىيانىڭ تۈركۈم - تۈركۈم سودىگەرلىرى بۇ يەرگە كېلىشمەكتە...» دەپ يازغان[2]. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىقى مۇقامچىلارنىڭ تالانتىغا بېرىلگەن ئالاھىدە باھا ھېسابلىنىدۇ.

ھېلىم بىلەن سېلىمنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ داڭ چىقارغان مەشھۇر مۇقام نامايەندىسى تەۋەككۇل ئاخۇن (تۇردى ئاخۇن مۇقامچىنىڭ دادىسى) 1847 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1933 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. يەنە بىر شاگىرتى مۇھەممەت موللا ئەھمەت باقى (كارۋشان ئاخۇنۇم — شان - شەرەپ ئىگىسى دېگەن مەنىدە)، 1840 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، 1927 - يىلى ئىلىدا ۋاپات بولغان. بۇ كىشى 1883 - يىلى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئوردا مۇقامچىلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئىلىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ ئىلىدا مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئون ئىككى مۇقام ئىلى ۋارىيانتىنىڭ ئاساسچىسى روزى تەمبۇرنى (1899 — 1956) تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. يەنە بىر مۇقام نامايەندىسى ئىسھاق ھاجىم (تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، بۇ كىشىنىڭ شاگىرتى قەشقەرلىك قاسىم ئەلنەغمە (1900 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1954 - يىلى ۋاپات بولغان). تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن تۇردى تەۋەككۇل (1881 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1956 - يىلى ۋاپات بولغان)، يەنە بىر ئوغلى ئىمىن ئەپەندى (ئىمىن قاراقاش 1884 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1947 - يىلى ۋاپات بولغان). يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم مۇقام نامايەندە ۋە مۇقام ئۇستازلىرى ئەينى زاماندا قەشقەرنى مەركەز قىلغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مۇقام ئۇستازلىرى ئىدى.

1949 - يىلى ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئازادلىققا ئېرىشكەن ھەمدە بەختىيار تۇرمۇش باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. 1949 - يىلى 7 - ئايدا بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان ھەمدە مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغان. 1950 - يىلى شىئەندە غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان ھەم غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغان. شۇ يىلى يەنە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغان. 1953 - يىلى شىنجاڭدا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغان ھەمدە شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغان. بۇ قۇرۇلتايلاردا مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش، قۇتقۇزۇپ قېلىش، رەتلەش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا مۇھىم قارارلار ماقۇللانغان، مۇشۇ قارارلارنىڭ روھى بويىچە، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، سىنغا ئېلىش، كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1950 - يىلى سا كۆڭلياۋ باشچىلىقىدىكى مەركەزنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى

شىنجاڭغا كەلگەن، شۇ ئۆمەك بىلەن كەلگەن ئاتاقلىق جىڭجۇي تىياتىرى ئۇستازى قەشقەرگە بارغاندا، مۇقام ئۇستازى قاسىم ئەلنەغمە بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ ئورۇنلىغان مۇقاملارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھەمدە ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت مۇزىكا بايلىقىنى سىمغا ئېلىپ ساقلاپ قېلىشنى نىيەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبىرى يولداش ۋاڭ جېنغا تەكلىپ بەرگەن. يولداش ۋاڭ جېن بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قاسىم ئەلنەغمە (ساتار)، مەمتىمىن سۇلايمان (چاڭ)، مۇھەممەت قۇربان (داپ)، تالىپ ئابدۇللا (ئىسكىرىپكا) قاتارلىق تۆت مۇقامچىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار ئېيتقان مۇقاملارنى بىر ئايغا يېقىن سىمغا ئالدۇرغان، ئۇلار راك، چەببايات، سىگاھ، ئۇششاق، پەنجىگاھ، ناۋا، چارىگاھ، ئىراقتىن ئىبارەت سەككىز مۇقامنى قىسقارتىپ ئورۇنلىغان. ئۇلار ئورۇنلىغان بۇ مۇقاملار شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئىسكىلاتى ۋە مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1951 ـ يىلى قەشقەردىن تۇردى ئاخۇن ۋە ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن ئۈرۈمچىگە تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن. چۈنكى، سەيپىدىن ئەزىزى 1946 ـ يىلى بېتىمنىڭ ئەمەلىيتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى قەشقەرگە بارغاندا، تۇردى ئاخۇن بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشقان ھەم ئۇ ئورۇنلىغان ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغا ۋە تۇردى ئاخۇننىڭ تالانتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

1951 ـ يىلى ئىلى رايونىدىن روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايېۋمۇ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭغا بېرىپ زوڭلى جۇ ئېنلەيدىن مۇقاملارنى توپلاپ رەتلەش، سىمغا ئېلىش ۋە نوتىغا ئېلىپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، بىر ئىقتىدارلىق مۇزىكشۇناسنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. جۇ ئېنلەي زوڭلى بۇ ئىشنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىغا تاپشۇرغان، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى لۈي جىغا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لۈي جى تەتقىقاتچى مۇزىكانت ۋەن توڭشۇ بىلەن ئايالى ليەن شياۋمېينى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن.

1951 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ غەربىي رايونى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ما خەنبىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇش ھەققىدىكى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ غەربىي زالىدا ئېچىلغان. بۇ يىغىنغا مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىكى يولداش ليۇ جى، شىنجاڭ غەربىي رايونى مەدەنىيەت بۆلۈمىدىكى دىڭ شىن، ئۈرۈمچى مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىدىكى ۋەن توڭشۇ، تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجايېۋ، ماتېرىيال رەتلىگۈچى ليەن شياۋمېي، تېكىست كۆچۈرگۈچى ئايىمجان ۋە مۇقامچى تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر قاتارلىق 12 كىشى قاتناشقان. بۇ يىغىندا يولداش ما خەنبىڭ: «ئون ئىككى مۇقام ۋەتىنىمىز خەلق مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسى، بىز چوقۇم ئۇنى خاتىرىلىۋېلىشقا ئىرادە باغلىشىمىز لازىم» دېگەن[3].

بۇ يىغىندا ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇش ھەيئىتى قۇرۇلغان. ھەيئەت ئەزالىرى: ھوشۇر ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن، دىڭ شىن، روزى تەمبۇر، ۋەن توڭشۇ، ئابدۇۋەلى جارۇللايېۋ، بۇقارا تىشقانبايېۋ، قۇربان ئىبراھىم، ئابدۇكېرىم خوجايېۋ، ليەن شياۋمېي، تېيىپجان ئېلىيېۋلاردىن تەركىب تاپقان. تەشكىلىي ھەيئەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئون ئىككى مۇقامنى ئېيتقۇزۇپ سىمغا ئېلىش، تېكىستىنى توپلاش، نوتىغا ئېلىش ۋە تەرجىمە قىلىش كەسپىي خىزمەتلىرى باشلانغان. ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى ئىككى گۇرۇپپا بويىچە سىمغا ئېلىنغان. 1 ـ گۇرۇپپىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا ساتار بىلەن، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن نەغمە دېپى بىلەن ئورۇنلىغان ھەمدە شۇ يىلى 12 ـ ئايدا سىمغا

ئېلىنىپ بولغان. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇنلاپ سىمغا ئېلىنغان مۇقاملارنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: راك، چەببايات، مۇشاۋرەك، چاھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆززال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، ناۋا، سىگاھ، ئىراقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر مۇقام تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بۇ تۆت قىسىم «مۇقام»، «چوڭ نەغمە»، «داستان نەغمە»، «مەشرەپ نەغمە»دىن ئىبارەت. بۇ گۇرۇپپىغا ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىقلار مەسئۇل بولغان. 2 ـ گۇرۇپپىدا روزى تەمبۇر تەمبۇر بىلەن، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ داپ بىلەن تەڭكەش قىلىپ ۋە قوشۇلۇپ ئېيتىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتىنى ئىجرا قىلغان ھەمدە شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تاماملىغان. روزى تەمبۇر ئورۇنلىغان مۇقامنىڭ رەت تەرتىپى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ رەت تەرتىپىگە ئوخشمايتتى، بەزى مۇقاملارنىڭ ئاتىلىشىمۇ ئوخشمايتتى. مەسىلەن: ئىراق مۇقامىنى «ھۈسەينىي مۇقامى» دەپ، ئۆززال مۇقامىنى «ئۆزھال» (يەنە نالەش) دەپ ئاتايتتى، قالغانلىرىنىڭ ئىسمى ئوخشايتتى. روزى تەنبۇر ئورۇنلىغان ئون ئىككى مۇقام ئادەتتە «ئىلى مۇقاملىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئىلى مۇقاملىرى «مۇقام»، «داستان نەغمە»، «مەشرەپ نەغمە»دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئىلى مۇقاملىرى ماھىيەتتە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى ئىدى. سىمغا ئېلىشقا دىڭ شىن مەسئۇل بولغان. تېكىستلىرىنى خاتىرىلەش، توپلاش ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى ئابدۇكېرىم خوجايوپ بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ ئىشلىگەن. ئون ئىككى مۇقامنى نوتىغا ئېلىش ئىشىنى گۇرۇپپا باشلىقى ۋەن تۇڭشۇ باشچىلىقىدا ئۈچ كىشى ئورۇنلىغان. مۇشۇ مەزگىلدە شىئەندىن مۇزىكا خىزمىتىنى ئىشلەشكە كەلگەن يولداش ليۇ فېڭ 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «ئون ئىككى مۇقامنى تونۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالىنى شىئەندە خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «ئاممىۋى مۇزىكا» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىپ، «ئون ئىككى مۇقام ‹چوڭ نەغمە›، ‹داستان›، ‹مەشرەپ›تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان⑨. بۇ ماقالە خەنزۇ مۇزىكىشۇناسلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئون ئىككى مۇقام ھەققىدىكى تۇنجى ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىملىق سىمغا ئېلىش خىزمىتى ئاخىرلاشقان. تۇردى ئاخۇن 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن قايتقاندىن كېيىن، سابىق يەكەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ ئورۇنلاشقان، 1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە قەشقەردە قۇرۇلغان جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئون ئىككى مۇقامنى تېخىمۇ تولۇقلاش مەقسىتىدە 1954 ـ يىلى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ۋاڭ يۈەنفاڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئىككىنچى قېتىم ئون ئىككى مۇقامنى قايتا سىملىشتۇرۇپ تولۇقلاش ئىشى قارار قىلىنغان. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان. بۇنىڭدا تەشكىلىي ھەيئەت قۇرۇلغان. ھەيئەت ئەزالىرى: ياسىن خۇدابەردى، تېيىپجان ئېلىيوپ، نىمشېھىد ئەرمىيا دامولla، يۇسۇپبېك مۇخلىسوپ، ۋەن تۇڭشۇ، ما جىڭفاڭ (خۇيزۇ)، مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يۇ جۇڭسەن، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇرېشىت ئىمىن قاتارلىق توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان. 1954 ـ يىلى سىمغا ئېلىش تېخنىكىسى ئۆسكەنلىكتىن، ئاۋاز تاسما لېنتىغا ئېلىشقا ئۆزگەرتىلگەن، چۈنكى مۇنداق قىلغاندا، ئاۋازنىڭ ئۆچۈپ ۋە يېيىلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدىكەن. 1954 ـ يىلى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىرئاز ياشىنىپ قالغاچقا، ئورۇنلاش سەۋىيەسى تۇنجى قېتىمقىغا يەتمىگەن، تولۇقلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارمۇ چىقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1954 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم غۇلجىدىن چاقىرتىلغان روزى تەمبۇر تولۇقلاشقا تېگىشلىك يېڭىچە مەزمۇنلار بولمىغاچقا غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن، شۇڭا تۇردى ئاخۇن ئاكا 1951 ـ يىلى ئورۇنلىغان ئاھاڭ بويىچە تاسما لېنتىغا كۆچۈرۈلگەن ھەمدە كېيىن شاخېيدە پىلاستىنكىغا ئېلىنغان، ھازىر شاخېي پىلاستىنكا

زاۋۇتىدا ساقلانماقتا. بۇ پلاستىنكىلاردىن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاۋازىنى مەڭگۈ ئاڭلىيالايمىز. ھازىر مۇقاملارنى سەھنىدە ئورۇنلاش ۋە مۇزىكا مەكتەپلىرىدە دەرس سۈپىتىدە كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىش قاتارلىق ئىشلاردا، گەرچە مۇقامنىڭ ئىككى توملۇق نوتا كىتابى بولسىمۇ، يەنىلا تاسما لېنتا ۋە پلاستىنكا ئىشلىتىلمەكتە.

ئىككى قېتىملىق سىنغا ئېلىش ئارقىلىق «راك» مۇقامىنىڭ 18 ئاھاڭ، 295 مىسرا شېئىرى؛ «چەببايات» مۇقامىنىڭ 17 ئاھاڭ، 302 مىسرا شېئىرى؛ «مۇشاۋرەك» مۇقامىنىڭ 25 ئاھاڭ، 387 مىسرا شېئىرى؛ «چاھارگاھ» مۇقامىنىڭ 15 ئاھاڭ، 261 مىسرا شېئىرى؛ «پەنجىگاھ» مۇقامىنىڭ 20 ئاھاڭ، 313 مىسرا شېئىرى؛ «ئۆززال» مۇقامىنىڭ 22 ئاھاڭ، 282 مىسرا شېئىرى؛ «ئەجەم» مۇقامىنىڭ 12 ئاھاڭ، 194 مىسرا شېئىرى؛ «ئۇششاق» مۇقامىنىڭ 19 ئاھاڭ، 375 مىسرا شېئىرى؛ «بايات» مۇقامىنىڭ 17 ئاھاڭ، 258 مىسرا شېئىرى؛ «ناۋا» مۇقامىنىڭ 14 ئاھاڭ، 211 مىسرا شېئىرى؛ «سىگاھ» مۇقامىنىڭ 6 ئاھاڭ، 73 مىسرا شېئىرى؛ «ئىراق» مۇقامىنىڭ 7 ئاھاڭ، 118 مىسرا شېئىرى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، «ئابى چەشمە» (بۇلاق سۈيى ياكى كۆز ياشلىرى) ناملىق كىلاسسىك مۇقام مۇزىكىسىنىڭ 20 ئاھاڭ، 205 مىسرا شېئىرى بىلەن جەمئىي 212 ئاھاڭ، 3264 مىسرا شېئىرى سىنغا ئېلىنغان ۋە رەتلىنىپ چىققان[5].

1954 ـ يىلى ناخشا تېكىستلىرىنى رەتلەپ يېزىپ چىقىشقا ئەسەيدۇللا داموللا، ئەرشىدىن تاتلىق، نىمشېھىد ئەرمىيا داموللا قاتناشقان. ئەسەيدۇللا داموللا مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى تولۇق ئايرىيالمىغان، شۇڭا ئاقسۇدىن نىمشېھىد ئەرمىيا دامولىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغان. نەتىجىدە بۇ كىشى بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلىغان.

مۇقام تېكىستلىرى شەكىل جەھەتتىن ھەرخىل، رەڭمۇرەڭ بولۇپلا قالماي، مەزمۇنىمۇ باي، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى، داستان ـ قىسسەلەردىن پارچىلار، شۇنداقلا خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان. تۇردى تەۋەككۇل قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ شېئىرىي تېكىستلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە ئانتولوگىيە نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شېئىرىي تېكىستلەردە خەلق قوشاقلىرىدىن ئېلىنغىنى ئون ئىككى پارچە (كۇپلېت سانى ئەمەس)، «غېرىب ـ سەنەم»، «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا»، «سەنۇبەر»گە ئوخشاش خەلق داستانلىرىدىن ئېلىنغىنى 15 پارچە، ئۇنىڭدىن باشقا شېئىرىي تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئېلىنغان غەزەللەردۇر. ئۇلار جەمئىي 17 كىلاسسىك شائىرنىڭ 280 غەزىلىنى (بەزىلىرى غەزەلدىن پارچە، ئۇزۇندى تەرىقىسىدە ئېلىنغان) ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ غەزەللەر «ئارۇز ۋەزنى»نى ئاساس قىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. مۇقام شېئىرىي تېكىستلىرىدە ئەڭ كۆپ ئېيتىلغىنى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ (189)، بابارەھىم مەشرەپنىڭ (32)، ھۇۋەيدانىڭ (22) غەزىلىدۇر. مۇنداق بولۇشى مەزكۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەرەققىياتىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتقانلىقى، شۇنداقلا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، فۇزۇلىي، زەلىلىي، نەۋبەتىي، ئەھمەد يەسسەۋىي، موللا بىلال قاتارلىق شائىرلارنىڭ بىرقىسىم غەزەللىرىمۇ مۇقام تېكىستى قىلىپ ئېلىنغان. يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ھەمدە بىرلىكتە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تەڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاق تاشلىق شېئىرىي تېكىست كىتابىنى نىمشېھىد ئەرمىيا داموللا 1954 ـ يىلى رەتلىگەن. 1964 ـ يىلى شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى مۇقام شېئىرىي تېكىستلىرىنى

مەتبەئەدە باستۇرۇشنى قارار قىلىپ، بۇ ئىشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تاپشۇرغان. 1964 ـ يىلى كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

ئىككىلا قېتىم ئۇنىئالغۇغا ئېلىنغان مۇقاملارنى نوتىغا خاتىرىلەشتە، ساتار بىلەن چالدۇرۇپ، دىكتانىت (ئاڭلاپ نوتىغا خاتىرىلەش) ۋە سولفىدژو (نوتىنى ئوقۇش) ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مۇقامنى نوتىغا ئېلىشتا مۇقامنىڭ مەشرەپ قىسمىدىن باشلاپ باشقا قاراپ ئېلىنغان (ئاددىي قىسمىدىن مۇرەككەپ قىسمىغا قاراپ ئېلىنغان). ۋەن تۇڭشۇ يەتتە مۇقامنى نوتىغا ئالغان، بۇ جەرياندا ساما رېتىمىنى نوتىغا ئېلىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلغانلىقتىن، نوتىغا ئېلىش ئىشى بىر مەزگىل توختاپ قالغان. 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىتاب يەرمەنكىسى ئۇيۇشتۇرۇلغان، شۇ يەرمەنكىدە تاجىك، ئۆزبېكلەرگە ئورتاق بولغان شەش مۇقامى (ئالتە مۇقام)نىڭ 1951 ـ يىلى موسكۋادا بېسىلغان نوتا كىتابى سېتىلغان، ۋەن تۇڭشۇ مۇشۇ كىتابتىن پايدىلىنىپ ساما رېتىمىنى خاتىرىلەش ئىشىنى ھەل قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ يەتتە مۇقامنى نوتىغا ئېلىش تاماملانغان. قالغان بەش مۇقامنىڭ تۆتىسىنى مۇزىكا نەزەرىيەچىسى شياۋ گۇاڭشىڭ نوتىغا ئالغان (بۇ ئىشنى مەن ۋەن تۇڭشۇ ۋە شياۋ گۇاڭشىڭ بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشكەندە شۇلار ماڭا دېگەن)، «چاھارگاھ» مۇقامىنى شىئەن مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ نەزەرىيە ئىجادىيەت فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان دىڭ ۋېي نوتىغا ئالغان، بۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى نوتىغا ئېلىش ئىشى ئاخىرلاشقان.

1957 ـ يىلى ۋەن تۇڭشۇ ئەر ـ خوتۇن، شياۋ گۇاڭشىڭ، ئابدۇرېشىت ئىمىن قاتارلىقلار ئىككى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، ئون ئىككى مۇقام ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى تېخىمۇ ئەمەلىيەت ئاساسىغا ئىگە قىلىش ۋە تولۇقلاپ چىقىش ئۈچۈن، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، يېڭىسار، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق شەھەر، ناھىيەلەرگە بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەل ئىچىگە تونۇلغان يۈزدىن ئارتۇق مۇقام مۇزىكا، ناخشا سەنئەتكارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە رەتلەنگەن ئون ئىككى مۇقام ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان. نامى ئەل ئارىسىغا تارالغان ئاشۇ پېشقەدەم سەنئەتكارلارمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ ـ تۆت مۇقام ئېيتالايدىكەن، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىش كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مۇقام ئېيتقان ۋاقتىدىكى ئاۋاز تۇسى، كۈي شەكلى (لاد)، ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى سىزنى يىراق قەدىمكى زامان قوينىغا باشلاپ باراتتى، ئۇ سىلىق ياكى قوپال ئېلىش، تۆۋەن ياكى يۇقىرى ئاھاڭدا ئېيتىشنى بىلەتتى، ئادەم ئاڭلىسا ـ ئاڭلىسا قانمايتتى. دېمەك، تۇردى ئاخۇن ئاكا قەدىمىي بولغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇقى بىلەن دەۋرىمىزگە ئۇلاپ ۋە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە تەقدىم قىلغان بىردىنبىر ئۇلۇغ تۆھپىكار نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تۇردى ئاخۇن ئاكا 1951 ـ يىلى ئېيتىپ لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسى بويىچە نوتىغا ئېلىنغان.

مۇقام نوتىلىرى ۋە ئۈنئالغۇلىرى لېنتىلىرى 1957 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن قولدىن چىققان ھەمدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىغا يوللانغان، مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى كەسپىي خادىملار ۋە مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لۈي جى بىۋاسىتە قاتنىشىپ ئاڭلىغان ھەمدە نوتىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. 1960 ـ يىلى بېيجىڭ مۇزىكا نەشرىياتى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى بىرلىشىپ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىككى توملۇق نوتا كىتابىنى نەشر قىلغان ھەمدە مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا

تارقىتىلغان. بۇ ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق چوڭ ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن تاكى يېقىنقى يىللارغىچە ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان ھەمدە خەنزۇچە «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى»، «جۇڭگو قەدىمكى زامان مۇزىكا تارىخى»، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى — مۇزىكا ئۇسسۇل تومى»، «ئوكيانۇس قامۇسىنىڭ سەنئەت قىسمى» قاتارلىق قورال كىتاب ۋە مۇزىكا تارىخى ئىلمىي ئەسەرلىرىگە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» ماددىسى ۋە تېمىسى ھەققىدە تەتقىقات ماقالىلىرى پىروگراف شەكلىدە كىرگۈزۈلگەن ۋە ئىنگلىز، رۇس، ئۆزبېك، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىنغان، چەت ئەل مۇزىكا لۇغەتلىرىگە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» ماددىسى كىرگۈزۈلگەن. 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقام ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇلغان.

گەرچە ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىككى توملۇق نوتا كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى زور ۋەقە بولغان بولسىمۇ، تەتقىقات جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك خاتالىقلارغا يول قويۇلغانلىقى مەلۇم بولغان:

بىرىنچى، ئون ئىككى مۇقام ئەسلىدە «مۇقام»، «چوڭ نەغمە» «داستان نەغمە»، «مەشرەپ نەغمە»دىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنسىمۇ، نوتا كىتابىدا ئون ئىككى مۇقام «چوڭ نەغمە»، «داستان نەغمە»، «مەشرەپ نەغمە»دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ دەپ خاتا تۈرگە ئايرىلغان[6].

ئىككىنچى، مۇقام ئەسلىدە يېتەكچى چالغۇ ساتار ۋە نەغمە دېپىنىڭ ئىجراسىدا ئورۇنلانغان، ساتار ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاۋاز چالغۇ ئەسۋابى بولسىمۇ، نوتا كىتابىدا مۇقاملار ئېگىز ئاۋاز نوتا كۇلۇچى بىلەن يېزىلىپ، ئوتتۇرا ئاۋاز نوتا كۇلۇچى بىلەن يېزىلمىغان، يەنى نوتا كىتابىدا مېلودىيە ئاۋازىنى بىر ئوكتاۋا (八度) ئېگىز كۆتۈرۈپ خاتىرىلىگەن.

ئۈچىنچى، مۇقامنى خاتىرىلەشتە مۇقامنىڭ قىسىمىنىڭ باشلىنىش قىسمىنىڭ ئۈستىگە مېترونوم ئىشلىتىلىپ سۈرئەت بەلگىسى قويۇلۇشى لازىم ئىدى، لېكىن مۇنداق قىلىنمىغان.

تۆتىنچى، نوتا كىتابىدا «مۇقام» قىسمى ئەركىن رىتىمدا تاكىت سىزىقى يوق ھالەتتە خاتىرىلەنمەي، تاكىت سىزىقى ئىشلىتىپ خاتىرىلەنگەن، مۇنداق قىلىش مۇزىكا نەزەرىيە ئىلمىگە خىلاپ، چۈنكى ئەركىن رىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن تاكىت سىزىقى ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك.

بەشىنچى، مۇقام ئەسلىدە ۋاكال مۇزىكا (ناخشىلىق مۇزىكا) ۋە چالغۇ مۇزىكىدىن ئىبارەت مۇزىكىلىق ئەسەر بولسىمۇ، مۇقام شېئىرىي تېكىستلىرى نوتا ئاستىغا بېرىلمىگەن. نەتىجىدە ۋاكال مۇزىكا چالغۇ مۇزىكىسىغا ئايلىنىپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن ۋاكال مۇزىكا قىسمى شېئىرىي تېكىستى يوق گاچا مۇقام بولۇپ قالغان.

ئالتىنچى، مۇقام دىكتانت (ئاڭلاپ يېزىش) ئۇسۇلى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نوتىدا يوق مۇرەككەپ بەلگىلەر ئىجاد قىلىنىپ خاتىرىلەنگەچكە، مۇقامنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى، تەمبىرى (ئاۋاز تۈسى) ئۆزگىرىپ كەتكەن، نەتىجىدە نوتىدىن تولۇق پايدىلىنىش مۇمكىن بولماي قالغان.

يەتتىنچى، مۇقام يەتتە پۈتۈن ئاۋاز ئاساسىدا نوتىغا ئېلىنغان، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مۇزىكىسىدىكى 1/4 3/4 تېمپېرامېنت ئەنئەنىسى قوللىنىلمىغان، خروماتىك ئاۋاز، سېنتىلار نەزەرىيەسى قوللىنىلمىغان. شۇڭا، خەنزۇ مۇزىكانتلار: «ئەينى ۋاقىتتا ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىككى توملۇق نوتا كىتابىدا مۇقام مېلودىيەلىرى خاتىرىلەنمەي، ئاۋاز خاتىرىلەنگەن» دەپ باھا بېرىشكەن.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان مۇزىكىشۇناسلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون

ئىككى مۇقامى توپلىنىپ، رەتلىنىپ، نوتىغا ئېلىنىپ، ئىككى توملۇق نوتا كىتابى نەشردىن چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى ساقلىنىپ قالغان. مىللەتكە ۋە ئىلىمگە سادىق بولۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مۇزىكا ساھەسىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى. ئىشىنىمىزكى، مۇقام ساھەسىدىكى يېڭى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېخىمۇ گۈللەنگەن دەۋرى بارلىققا كەلگۈسى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېخىمۇ ئىلمىي بولغان توغرا نوتا كىتابى ۋۇجۇدقا چىققۇسى!

ئىزاھات:

① ھۇسەيىن كېرىم باھادىر: « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ماقالىلەر توپلىمى»، 2013 ـ يىلى، ئۈرۈمچى، بىرىنچى توپلام 302 ـ بەتكە قارالسۇن.

② «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى»، ئالماتا، 1958 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 498 — 499 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

③ شىئەندە خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «ئاممىۋى مۇزىكا» ژۇرنىلىنىڭ 1951 ـ يىللىق 24 ـ سانىغا قارالسۇن.

④ شىئەندە خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان «ئاممىۋى مۇزىكا» ژۇرنىلىنىڭ 1951 ـ يىللىق 24 ـ سانىغا قارالسۇن.

⑤ ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ ماقالىسى: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام نوتىغا ئېلىندى»، ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1955 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇلدىكى سانىغا قارالسۇن.

⑥ ئېلىمىزدىكى خەنزۇ مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تۆت قىسىمغا بۆلۈنۈشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان، مۇزىكىشۇناس جۇ چىڭچىڭ «جۇڭگو خەلق مۇزىكىسىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابىدا: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ‹مۇقام›، ‹چوڭ نەغمە›، ‹داستان›، ‹مەشرەپ› تىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ» دەپ يازغان. سۇن جىنەن، جۇ جۇچۈەن باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان «جۇڭگو مۇزىكا ئومۇمىي تارىخىدىن قىسقىچە توپلام» دېگەن كىتابىمۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ» دەپ يازغان.

(ئاپتورى: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا تارىخى بويىچە كاندىدات تەتقىقاتچىسى)

ئەخمەتجان ئابدۇرېھىم

# ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپىگە شەرقنىڭ تەسىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر رەسساملىقى

تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى گۈللەنگەن دەۋرلەرنى ئۆلچەم قىلىپ تېمۇر دەۋرى (1370~1405) ، ئۇلۇغبەگ دەۋرى (1409~1449) ، نەۋايى ۋە بېھزاد دەۋرى (1449~1506) دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

ھىراتتا 1449 ـ يىلىدىن 1506 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان مىنىياتۇرا مەكتىپى — نەۋايى ۋە بېھزاد دەۋرىدىكى ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «مەكتەپ» سۆزى ھازىرقى رەسساملىقىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان «ئېقىم» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. شۇ دەۋرلەردە رەسساملار «نەققاش»، «مۇسەۋۋىر»، سىزىلغان مىنىياتۇرا رەسىملەر بولسا «تەسۋىر»، «سۈرەت» دەپ ئاتالغان.

ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تەۋەسىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەيدانغا چىققان تەبرىز، شىراز، قەزۋىن، سەمەرقەنت، بۇخارا، مەشھەد، ئىسفاھان قاتارلىق شەھەرلەر مىنىياتۇرا مەكتەپلىرى ئىچىدە ئەڭ گۈللەنگەن بىر مىنىياتۇرا مەكتىپىدۇر. ھىراتتا 15 ـ ، 16 ـ ئەسىرلەردە ئەدەبىياتلا ئەمەس، سەنئەت، جۈملىدىن مىنىياتۇرا رەسساملىق سەنئىتى ئالاھىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ھىراتتا شەكىللەنگەن مىنىياتۇرا سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تەۋەسىدىكى ئەڭ داڭلىق مىنىياتۇرا مەكتىپىنى شەكىللەندۈرگەن. تېمۇرىيلەر مىنىياتۇرا سەنئىتىنىڭ ئاتىسى — كامالىددىن بېھزاد ھىراتتا تۇغۇلۇپ، ھاياتى ھىراتتا ۋە تەبرىزدە ئۆتۈپ، ھىراتتا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى، يەنى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگىچە بولغان دەۋرلەردىكى شەرق تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئىدى. ئۇ زامانداشلىرى تەرىپىدىن «ئىككىنچى مانى»، غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن «شەرق رافائىلى» دەپ تەرىپلەنگەن. بېھزاد ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى بۈيۈك رەسساملار — لېئوناردو داۋىنچى، مىكېلانجېلو، رافائېللار بىلەن زامانداش ئىدى. ئىتالىيە ئەدەبىيات سەنئەت گۈللەنگەن دەۋرنىڭ ۋەكىللىك رەسساملىرىدىن داۋىنچى (1452 — 1519)، 67 ياش، رافائىل (1483 — 1520)، 37 ياش، بېھزاد بولسا (1455 — 1536) 81 ياش ئۆمۈر كۆرگەن. سېلىشتۇرساق، بېھزاد تازا يېتىلىپ ئەڭ گۈزەل ۋە يارقىن مىنىياتۇرالارنى سىزىۋاتقان 1495 — 1497 ـ يىللار ئارىسىدا داۋىنچى 13 پېرسوناژلىق «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا»نى، ئۇستازى ۋە باشپاناھىدىن ئايرىلىپ قالغان بېھزاد ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان 1503 ـ يىلىدىن 1506 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋىنچى «مۇنالىزا»نى سىزغان.

بېھزات نەپىس رەسىملەرنى سىزىشتا، روشەنكى جۇڭگو رەسىملىرىدىن چوڭقۇر تەسىر ئالغان. مەسىلەن، ئۇ رەسىم سىزىشتا ئىنچىكە سىزىق، قوش ئىلمەكلەرنى قوللانغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگو

رەسىملەرگە بەك ئوخشايتتى. بەزى رەسىملەردە ئەجدىھا، گۈل، ئۇچار قانات ۋە بەزى چۆچەكلەردىكى ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى بېزەك ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ رەسىملىرى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ۋە ئىنتايىن نەپىس چىققان. شۇڭا، قەشقەردىن ئەرەبىستانغىچە ياخشى رەسىملەرنى كۆرگەنلەر «خۇددى بېھزات سىزغاندەك سىزىپتۇ» دېيىشەتتى.

ھىرات مىنىياتۇرا رەسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئادەم، ھايۋانات ۋە ئارقا كۆرۈنۈش مەنزىرىلىرى ياۋروپا رەسىملىرىدىكىدەك ئۇنداق تەپسىلىي ۋە ھەقىقىي ئوخشىتىشنى مەقسەت قىلمىغان، پىرسپېكتىۋا قائىدىسىگىمۇ دېگەندەك بويسۇنۇپ كەتمىگەن. بەلكى بۇ ھال مىنىياتۇرا رەسىملەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يەنى مىنىياتۇرا ئەسلىدىنلا ئايرىم تۈر بولماستىن، بەلكى بېزەكچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا ئايرىلىپ چىققان. باشتا بېزەكلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋاناتلار سىزىلغان. كېيىنچە رەساملار ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارلار ۋە ئىلىم ھامىيلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئادەم رەسىملىرىنىمۇ سىزىشقا جۈرئەت قىلغان ھەمدە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چىرايلىرى ئىنتايىن نەپىس، ئىپادىلىنىشى ئۆلچەملىك چىققان ئادەملەرنى ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغان ھالدا مەنزىرە، ئىمارەت، نەقىشلەر كىرىشتۈرۈلۈپ بىرىككەن ھالەت شەكىللەندۈرۈلگەن. يەنى، جۇڭگوچە رەسىم مىنىياتۇرا رەسىملەردىكى تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرى، ھايۋاناتلارنىڭ سىزىلىش ئۇسلۇبى، پېرسوناژلار چىرايىنىڭ سىزىلىشى، رەسىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن. جۇڭگوچە رەسىمنىڭ بۇ خىل ئېلېمېنتلىرى چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل يۈرۈشلىرى داۋامىدا ھەرخىل يوللار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان ئۇيغۇر رەسسام زىيالىيلىرىنىڭ تۆھپىسى، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ ئىككى تەرەپ سەنئىتىنى ئۆزئارا يەتكۈزگەن مەدەنىيەت كارۋانلىرىنىڭ رولى، مىنىياتۇرا رەسساملىرىنىڭ تەقلىد قىلىش يولى ئارقىلىق ۋە يىپەك يولىدا تارقىلىپ يۈرگەن جۇڭگو مەدەنىيىتىگە، جۇڭگو رەسساملىقىغا ئائىت ئەپسانە رىۋايەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تارقالغان.

ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپىدە سىزىلغان رەسىملەردە كۈچلۈك جۇڭگوچە رەسىم ئېلېمېنتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئېلېمېنتنىڭ ئەينى دەۋردە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا مىنىياتۇرا بارلىققا كېلىپ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا رەسساملىق ئالاقىسى باشلانغان دەسلەپكى دەۋرلەردە، ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، جۇڭگوچە رەسىم كەڭ كۆلەمدە تەسىر قىلىشقا باشلىغان دەۋر ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەريانلاردا ئەدەبىياتتا شەرقتىن كەلگەن بەدىئىي تەسىرنىڭ چىن (جۇڭگو) سەنئىتى تەسىرى دەپ قارىلىشى ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان. ئاۋۋال كۆرسىتىش كېرەككى، ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئىشلىتىلىدىغان «چىن» يەنى «جۇڭگو» سۆزى كونكرېت دۆلەت مەنىسىدە ئەمەس، «تەرەپ»، «تامان» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئېنىقكى، شەرق ئەدەبىياتىدا ئىشلىتىلىدىغان «فىرەڭ» دېگەن مەۋھۇم سۆزمۇ (بىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىمۇ قوللىنىلىدىغان «فىرانك»، «پەرەڭ» سۆزلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش) «فىرانسۇز» مەنىسىدە ئەمەس، ھەمىشە ئومۇمىي شەكىلدە «غەرب»، «ياۋروپا» مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنى

تەۋەسىدە بولۇشىمۇ 20 ـ ئەسىر ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى ئارىسىدا «چىن ـــ پۈتۈنلەي جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ» دېگەن خاتا كۆز قاراشنىڭ كەڭ يېيىلىشىغا سەۋەب بولغان.

لېكىن، ياۋروپا ئالىملىرىدىن ئە.دىتس، ئە.كۇھنەل ۋە باشقىلار ئىشەنچلىك ھالدا بۇ سەنئەتكارلار تەۋە بولغان قوۋمى جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكى خەنزۇلار ئەمەس، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پىكىرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تارىخىي ئىسپاتلارمۇ تەستىقلايدۇ.

بۇلار ئىنتايىن توغرا قاراش. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلاردىن رەسساملارلا يېتىشىپ چىققان بولماستىن، ئەنە شۇ ئۇيغۇر رەسساملار مىنىياتۇرا ساھەسىدە مۇكەممەل بىر ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتىكى رەسساملىق ئېقىمىنى، يەنى «ئۇيغۇر مىنىياتۇرا مەكتىپى»نى شەكىللەندۇرگەن. بۇ نۇقتا ئېلىمىز ئىچىدىكى تەتقىقاتلاردا تېخى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، چەت ئەللەردە ئېنىق ئېتىراپ قىلىنغان. تۆۋەندىكى ئىزاھاتقا قاراپ باقايلى:

«ئۇيغۇرلاردا گۈزەل سەنئەتنىڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە بۈيۈك شۆھرەت قازانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ئىنتايىن كۆپ. فون لېكوكنىڭ تۇرپاندىن تاپقان رەسىملىرى ۋە بۇلارغا ئاساسەن ئۇيغۇر رەسساملىرىنى دۇنيانىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پورتېرېتچىلىرىدىن دەپ ھېسابلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئۇستا رەسسام دەپ قارىلىدىغان مانىينىڭ كېيىنچە ئەپسانىگە ئايلانغان ئىجادىيەتچىلىكى، ئۇيغۇر رەسسام ئۇستىلىرىنىڭ پۈتۈن جۇڭگودا، ھىندىستاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئىراندا ئىبادەتخانىلارنى قۇرۇشى ۋە ئۇلارنى تام رەسىملىرى بىلەن بېزىشىدەك بىر قاتار پاكىتلار 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرلەرگىچە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ كەڭ تەسىر دائىرىگە ئىگە بولغان قۇۋۋەتلىك بىر مەكتەپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[①].»

دېمەك، بىز ئۆزىمىز بىلىپ يەتمەيۋاتقان ئۇيغۇر مىنىياتۇرا مەكتىپىمىزنىڭ نامى چەت ئەللەردە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا. ئۇنداقتا بۇ مەكتىپىمىزنى ئەڭ ئاۋۋال قۇرۇپ چىققانلار كىملەر؟

13 ـ ئەسىردە ئىراننىڭ تەبرىز شەھىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەخس «رەشىدىددىنىنىڭ ‹ۋەقفىنامە› ناملىق ئەسىرىدە تەبرىزدە ئوردا سەنئەت ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن رەسسام ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: دۇملۇن بۇقا (نەققاش)، توقتېمۇر، ئاياس، ئالتۇن بۇقا، تاقاي تېمۇر ۋە باشقىلار. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش 20 كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە بولۇپ، بىرسىنىڭمۇ خەنزۇچە ئىسىم ئەمەسلىكى ئۇلارنىڭ تۈرك ـ ئۇيغۇر ئۇستازلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ[②].

«ئەزەربەيجان توقۇما سەنئىتى» ناملىق كىتابتىمۇ مۇشۇ رەسساملار ھەققىدە تەكرار بايان بېرىلگەن: «بۇ رەسساملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈنجى مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ بېرىلگەن بولۇپ، قولغۇن بۇغا، توقتېمۇر، ئالتۇنبۇغا، ئاياس قاتارلىق ئىسىملاردىن ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى خەنزۇلاردىن ئەمەس، تۈركىيلەردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ»[③].

قارايدىغان بولساق، ئىككى كىتابتا ئەينى دەۋردىكى كۆپلىگەن رەسساملىرىمىزدىن پەقەت سەككىز رەسسامنىڭ ئىسمى ئېنىق تىلغا ئېلىنغان. يەنى:

1. دۇملۇن بۇقا (نەققاش ـــ رەسسام)، 2. قولغۇن بۇغا، 3. توك تېمۇر، 4. توقتېمۇر (بۇ ئىككىسى بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن)، 5. ئاياس، 6. ئالتۇن بۇقا، 7. تاقاي تېمۇر، 8. ئاياس.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر رەسساملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىنىياتۇراسىغا تۆھپە قوشۇشى يېقىنقى گەپ بولماستىن، شۇ رايون مىنىياتۇراچىلىقىنىڭ تارىخى قەيەردىن باشلانغان بولسا، قايسى دەۋردە تەرەققىي قىلغان بولسا، ئۇيغۇر رەسساملىرىمىزنىڭ تۆھپىسىمۇ شۇ يەردە، شۇ زاماندا ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تىلغا

ئېلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر رەسساملار ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن شاگىرت رەسساملارنىڭ ئىلخانىيلار دەۋرىدە تەبرىزدە باشلىغان مىنىياتۇرا سەنئىتى ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىنى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىمۇ ئۈزمەي داۋام قىلغان.

ئۇنداقتا تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتىدىچۇ؟ ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش. تېمۇرىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ جۇڭگوچە رەسىمنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ھىرات مىنىياتۇراسىغا سىڭىپ كىرگەن.

بۇ دەۋردە ھىراتتا كاشغەرىي تەخەللۇسلۇقلارنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرنىڭ ئەڭ بىلىملىك زىيالىيلىرى ئىدى.

تېمۇرىيلەر دۆلىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرى، تارىخىي جەريانلاردا ئەزەلدىن ئاشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار؛ يەنە بىرى، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ياكى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇگۇنكى كۇندە شىنجاڭ دەپ ئاتالغان مۇشۇ زېمىندىن تۆمۇرىيلەر دۆلىتى تەۋەسىگە بارغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت[4].

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھىراتنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپكە ماھىر سەنئەت خادىملىرى بار بولۇپ، ئىلىملەر ساھىبى ھەزرەت ئەلىشىر نەۋايى، نەۋايى كۇتۇپخانىسىنىڭ باش مۇدىرلىرىدىن ھاجى مۇھەممەد نەققاش ۋە تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئۆز ئۇسلۇبىدا بىردىنبىر خاسلىق ياراتقان ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر مىنىياتۇرا رەسسامى غىياسىددىن مۇھەممەد سىياھ قەلەم (ھىجرىيە 778 ـــ 863) قاتارلىقلار تېمۇرىيلەر رەسساملىق تارىخى تىلغا ئېلىنىدىكەن، چوقۇم ئىسمى ئاتىلىدىغان كىشىلەردۇر.

نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى كەمتەرلىك يۈزىسىدىن ئۆمرىدە باشقا رەسساملاردەك مەخسۇس ئىمزا بىلەن بىزگە يېتىپ كەلگەن رەسىملەرنى سىزمىغان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك مەنبەلەردە ئۇنىڭ «زەنجىرلەنگەن شىر» ناملىق رەسىمنى سىزغانلىقى ۋە كۆپلىگەن مەشھۇر كىتابلارغا سىزىلغان رەسىملەردە ئۇنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا رەسساملىق ھەققىدە نادىر ھېكمەتلىك كۆز قاراشلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يېزىپ قالدۇرغانلىقىغا قاراپ ئۇنىمۇ نامايەندە خاراكتېرلىك رەسسام قاتارىدا ساناش كېرەك.



مۇھەممەد سىياھ قەلەم: «قۇش بىلەن شىكار قىلىش» (جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بارغاندا شىكارغا چىققانلىقىنى تەسۋىرلەپ سىزغان مىنىياتۇرا)

بۇ يەردە نۇقتىلىق قىلىپ جۇڭگوچە رەسىمنىڭ ھىراتقا تارقىلىشىدىكى تۆھپىكار رەسسام غىياسىددىن مۇھەممەد سىياھ قەلەم ھەققىدە

تەپسىلىيرەك مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تېمۇرىيلەر دەۋرىدە، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان مىنىياتۇرا رەسسامى غىياسىددىن مۇھەممەد سىياھ قەلەممۇ خۇددى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى باغدادلىق ئىبنى شاكىر ئۆزى شەرققە بېرىپ مىنىياتۇرا ئۆگەنگەندەك شەرققە بېرىپ رەسساملىق ئۇسلۇبىنى ئېلىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىنىياتۇرا سەنئىتى تارىخىدا «سىياھ قەلەم» ئۇسلۇبىنى بەرپا قىلغان ئۇيغۇر رەسسام غىياسىددىن مۇھەممەد سىيا قەلەم تېمۇرىيلەر سۇلتانلىرىدىن بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ خاس ئەلچىسى سۈپىتىدە مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بېرىش جەريانىدا جۇڭگوچە رەسىمگە ئىنتايىن قىزىققان، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىدا شەكىللەنگەن ئۆزگىچە شەرق رەسىم ئۇسلۇبىنى ئۆگەنگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى رايون ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان. شۇنداقلا، ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپىگە جۇڭگوچە ئۇسلۇبنى سىڭدۈرگەن.



مۇھەممەد سىياھ قەلەم «چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش» (ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن)

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئىسپاتلارغا قارايلى:

غەرب ئالىملىرىنىڭ مۇنداق قارىشىچە، تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئوردا رەسسامى غىياسىددىن خەلىل (غىياسىددىن دېيىلىشى كېرەك، خەلىل دېگەن شۇ دەۋردە باغدادتىن كەلگەن رەسسام. غىياسىددىن بىلەن بىللە تونۇلغاچقا، ئىسمى بىللە ئېلىنىپ قالغان.) ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم كېلىپ، مىڭ سۇلالىسى رەسساملىرىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

تېمۇرىيلەر سۇلالىسى 1419 ـ يىلى ئەڭ چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدە شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى «بېشىرنىڭ ۋەكىلى غوجا غىياسىددىن بىر رەسسام ئىدى، ئۇ بۇ ئۆمەك بىلەن جۇڭگوغا كەلگۈچە يول ئۈستىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى، مۇھىم شەخسلەرنى، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى كۈندە ئۇتتۇرلۇق خاتىرىلەپ ماڭغان»[5]. (بۇ ئىسىم ئەسلىي بايسۇنقۇر بولۇشى

كېرەك. شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى «بېشىر» ئەمەس، بايسۇنقۇر. بېشىر دەپ ئوغلى يوق. مەلىك سۇلالىسى تارىخنامىسىدە خاتا يېزىلىپ قالغان).

ئۇنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسىدە ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ رەسساملىق ئىشلىرىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدىغان مۇنداق بىر بايان بار:

«1420 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەلچىلەر ئۈمىكى قومۇلغا يېتىپ بارغان. ئەمىر فەخرىددىن قومۇلدا ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر مەسچىت سالدۇرغان بولۇپ، بۇ مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدا كۆلىمى خېلى زور بىر بۇتخانا بار بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ئىچىدە يوغان بىر بۇتمۇ بار ئىكەن. چوڭ بۇتنىڭ ئىككى يېنىدا نۇرغۇن كىچىك بۇتلارمۇ بار ئىكەن. چوڭ بۇتنىڭ ئۇدۇلىدا 10 ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ مىس ھەيكىلى بار بولۇپ، شۇنداق نەپىس قۇيۇلغانىكەن. ئىمارەتنىڭ تاملىرىدا قولدا سىزىلغان تام رەسىملىرى ۋە ھەر خىل رەڭلىك كۆرۈنۈشلەر بار ئىكەن. بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسىغا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئىككى دېۋىنىڭ رەسىمى سىزىلغانىكەن»[6].

مانا بۇ رەسسام غوجا غىياسىددىن (مۇھەممەد سىياھ قەلەم) خاتىرىلىگەن، ئۇيغۇر دىيارىمىزدىكى جۇڭگوچە رەسىملەرگە ئائىت كۆپلىگەن خاتىرىلەرنىڭ كىچىككىنە بىر كارتىنىسى، خالاس.

تارىخ بەتلىرىگە دىققەت قىلمىدىغان بولساق، ئەينى دەۋر مىنىياتۇرا رەسساملىرى ۋە ھازىرقى زاماندىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «جۇڭگوچە ئۇسلۇبنى چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار ئېلىپ كىرگەن» دېگەن قاراش ئومۇملىشىپ قالغان ھەمدە كېيىنكى سەنئەت تارىخلىرى مۇشۇ بويىچە تەكرارلىنىۋەرگەن.

ئەمەلىيەتتە، تارىخ بەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، مۇنداق ئەمەلىيەتنى بايقايمىز:

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىران تارىخلىرىدا شىنجاڭ «موغۇلىستان» دەپ ئېلىنغان. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان قوۋم ئۇيغۇرلارمۇ موغۇل دەپمۇ قارىلىۋەرگەن، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىرانغا نىسبەتەن شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار چىڭگىزخانىنىڭ يۇرتىغا يېقىن؛ شىنجاڭ موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدا تۈنجى بېكەت بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىپ، «موڭغۇل» دېگەن ئۇقۇمنى ھېس قىلدۇرغانلار ئۇيغۇرلار ئىدى، شۇڭا ئۇيغۇرلار «موڭغۇل، موغۇل» دەپ، شىنجاڭ بولسا «موغۇلىستان» دەپ قارىلىپ قالغان. موڭغۇللار شىمالىي يايلاقلاردىن تارتىپ ياۋروپا ئافرىقىلارغا قەدەر زېمىننى ئىستېلا قىلغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ موڭغۇللار بىلەن بىللە ئەنە شۇ بىپايان زېمىننىڭ مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلىرى بولغان. كېيىنچە موڭغۇللارمۇ مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەن خەلقلەرنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. بۇ ھال ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغان. شۇ قاتاردا رەسساملىقتىمۇ ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىغان.

سەنئەت سۆيەر ئۇيغۇر مىنىياتۇرا رەسساملىرىمىز شەرقنىڭ گۆھىرى بولغان جۇڭگوچە رەسىم ئۇسلۇبىنى مىنىياتۇرا سەنئىتىگە ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرىدۇر. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا ئوتتۇرا ئەسىردىن ھازىرغىچە يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىنىڭ بەتلىرىدە مىنىياتۇرادىكى جۇڭگوچە ئۇسلۇب ئېلېمېنتلىرىنى «چىن - ئۇيغۇر سەنئىتى»نىڭ تەسىرى دەپ خاتىرىلىنىپ، ئۇيغۇر رەسساملىرىغا بولغان ھۆرمەت ۋە مەمنۇنلۇق ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە.

بۇنىڭدىكى ھالقىلىق سەۋەب، تەبرىزدە ھۇلاكوخان دەۋرىدە پائالىيەت قىلغان ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى مىنىياتۇرا مەكتەپلىرىدە ئۈچەمەس خىزمەتلەرنى قىلغان ئۇيغۇر مىنىياتۇرا رەسساملىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا ئەڭ بۇرۇن سىزغان رەسىملىرىنىڭ تۆھپىلىرىدۇر.

ئۇيغۇرلاردىن چىققان مىنىياتۇرا رەسساملىرى ياراتقان غەربىي يۇرت ۋە جۇڭگوچە خاسلىقنىڭ نامايەندىسى بولغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىنىياتۇرا سەنئىتىنىڭ تۆھپىسى نۆۋەتتە چەت ئەللەردە يادلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا «ئىران مىنىياتۇرا سەنئىتى» دائىرىسىگە قوشۇۋېتىشتەك خاتالىقلارغا يول قويۇلۇۋاتقانلىقتىن، «شەرق مىنىياتۇرا سەنئىتى»، جۈملىدىن «ئۇيغۇر مىنىياتۇرا سەنئىتى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ بىر تەرەپلىمە هالدا خەلقئارا ۋە ئېلىمىزدىكى مەملىكىتىمىزدە مىنىياتۇرانى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ۋە سەنئەت ساھەسىدە مىنىياتۇرانىڭ «ئىران» نامىغا باغلىنىپ «ئىران، پارس سەنئىتى» دەپلا چۈشىنىلىشىگە سەۋەب بولماقتا. بۇ ئۇيغۇر مىنىياتۇرا سەنئىتىگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش.

بۇ هال خەلقئارادا ۋە ئېلىمىزدە ئومۇملىشىپ قالغانلىقتىن، «ئۇيغۇر مىنىياتۇرا سەنئىتى»لا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ مىنىياتۇرا سىزغانلىقىنى بىلىشمۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتىدۇ، ئەقەللىيسى ئۇيغۇرلار ئىچىدە رەسىمنى ئەڭ چۈشىنىدىغان رەسساملار ئارىسىدىمۇ مىنىياتۇرانىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.

شۇنىڭدەك، بىز ئۇيغۇرلاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ۋە بىرنەچچە ئىقتىدارلىق رەسساممىز مىنىياتۇرا ھەققىدە ئاددىي ئۇقۇم خاراكتېرلىك بىلىملەرنى يېزىش بىلەن كۇپايىلىنىپ، مەخسۇس تەتقىقات قانات يايدۇرۇلۇپ باقمىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا بولسا 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان مىنىياتۇرا سەنئىتىمىز قايتا باش كۆتۈرەلمىگەن ۋە بۈگۈنكى زامانغا كەلگەندىمۇ يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىنىياتۇرا سەنئىتى ئىچىدىكى ئۇيغۇر مىنىياتۇرا سەنئىتىنى يەنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش بىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزنى كۈتمەكتە.

**ئىزاھاتلار:**

① راسىم ئەپەندى: «ئازەربەيجان گۈزەل سەنئىتى»، باكۇ، شەرق ـ غەرب نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 102 ـ بەت.

② راسىم ئەپەندى: «ئازەربەيجان گۈزەل سەنئىتى»، باكۇ، شەرق ـ غەرب نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 100 ـ بەت.

③ ۋالىدە پاشايېۋا: «ئازەربەيجان توقۇما سەنئىتىدە مىنىياتۇرانىڭ ئورنى» (ئاسپىرانتلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى)، تۈركىيە ـ ئەرزۇرۇم، 2007 ـ يىلى، 23 ـ بەت.

④ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 330 ـ بەت.

⑤ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» ــ قەدىمكى زامان قىسمى (ئىككىنچى قىسمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 545 ـ بەت.

⑥ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» ــ قەدىمكى زامان قىسمى (ئىككىنچى قىسمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 548 ـ بەت.

(ئاپتورى: قەشقەر شەھەرلىك شىنجىن ـ قەشقەر تولۇق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)

ئا. كوكلىيانوۋا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

# سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى①

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن تاجى تۇرگۇن

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق مۇددەتلىك يېزىق ئەنئەنىسىگە ئىگە تۈركىي تىللىرىنىڭ بىرى. ساقلىنىپ قېلىنغان ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، ئۇنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ (بۇ جەھەتتە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى تۆرگە ئايرىشى ھەر خىل بولماقتا، بۇ ھەقتە سەئىدىۋاققاسوف باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئالىملىرى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق ئەسەرگە ھەمدە ئارسلان ئابدۇللا تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابلارغا قاراڭ — تەرجىماندىن). بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەردىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. 100 مىڭغا يېقىن (بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ھەر خىل بولماقتا، بۇ ھەقتە لى چى تۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابقا قاراڭ — تەرجىماندىن) ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋە قازاقىستانغا جايلاشقان②. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار③. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا قىسمەن پەرق بار. بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن پەرقى بار.

ئۇيغۇرلار قەدىمدە مول مەدەنىيەت بايلىقىغا ئىگە بولغان مىللەت④، ئۇلارنىڭ 8 ـ ئەسىردىلا يېزىقى ۋە يازما ۋەسىقىلىرى بار ئىدى (ئاپتور بۇ ھەقتە تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىنىڭ تېپىلغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك — تەرجىماندىن ئىزاھات). كېيىن ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى موڭغۇللارغا ئۆگەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا موڭغۇللار ئارقىلىق مانجۇلارغا يەتكۈزۈلگەن⑤. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەتراپىتىكى باشقا قوشنا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، موڭغۇللار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن، بۇ يېزىق موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە كەڭ ئىشلىتىلگەن. ئەرەب يېزىقى(ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن ئىزاھات) بۇ يېزىقنى سىقىپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۇزۇن مۇددەت ساقلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مول ۋە قەدىمىي مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسلىقى، ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات خىزمەتلىرىدە دەلىللەندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» (1070 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئۇ دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەر. 12 — 15 ـ ئەسىرلەردىكى قانۇن ۋەسىقىلىرى،

10 ـــ 13 ـ ئەسىرلەردىكى «ئالتۇن يارۇق»، 11 ـ ئەسىردىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ماتېرىياللىرى خاتىرىلەنگەن.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مول شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. 1949 ـ يىلى جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار يېڭى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتىنىڭ بىر تارمىقىدۇر. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ توقسان توققۇز پىرسەنتى ساۋاتسىز ئىدى. قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ۋە شەرق مىللەتلىرىگە داڭلىق بولغان مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئۆز تىلىدا نەشر قىلىنغان گېزىت يوق ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن باشلانغاندى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىياتىنى نوقۇل ھالدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا باغلاش تازا ئىلمىي ئەمەس، بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىلىرى ۋە تارىختا ھەرقايسى دەۋرلەردە قالدۇرۇلغان ۋەسىقىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىغان ئاساستا ئاندىن ھۆكۈم قىلىش كېرەك ـــ تەرجىماندىن ئىزاھات). ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئاتلارنىڭ تېزدىن كۆپىيىشى، خەلق يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە كۆپلىگەن تەرجىمە خىزمەتلىرى ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەتتە يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئۆز مىللىي تىلىدا تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار موسكۋا، لېنىنگراد، تاشكەنت، ئالماتا ۋە فرونزى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنى ئالالىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار ۋە كادىرلار تەربىيەلەندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ناھايىتى يېتەرسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوۋېت دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرەلمەيتتى. ئەمما لېكسىكا جەھەتتە خېلى زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. رۇس تىلىدىن كىرگەن يېڭى سۆزلەر، ئىلمىي ئاتالغۇلار ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان خەلقئارالىق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ مىللەتنىڭ تىلى ئاساسىدا بىر قىسىم يېڭى سۆزلەر ۋە يېڭى ئاتالغۇلار ئىجاد قىلىندى. بۇ يېڭى سۆزلەر قاتلىمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا پەرقنى شەكىللەندۇردى. 15 ـ ئەسىردىكى كلاسسىك ئەدەبىي تىلى 14 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ تىل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كلاسسىك يازما تىلى(يېزىق تىلى) بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەركىبى كۆپ ئىدى. شېئىرلاردا بۇ خىل ئۇسلۇب تولۇقى بىلەن ساقلانغان. ھەتتا قەشقەردىكى ھۆكۈمەت گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىكى تىلدىمۇ كۆپ قوللىنىلغان.

يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە، بولۇپمۇ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئەدەبىي تىل خەلق تىلىغا يېقىنلىشىش يۈزلىنىشى پەيدا بولدى. ئىلى دىيالېكتى ئاساسلىق دىيالېكت⑥ بولۇپ، ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئانا تىل ئاساسىدا يارىتىلغان سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر

پەيدا بولدى. هازىر شىنجاڭدىكى هۆكۈمەت مەتبۇئاتلىرىنىڭ تىلىمۇ (ئۈرۈمچىدىكى «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بارا ـ بارا كىلاسسىك ئوتتۇرا ئاسىيا يازما تىلىنىڭ (يېزىق تىلى) ئەنئەنىۋى قائىدىلىرىدىن قول ئۈزدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلى دەسلەپ جەنۇب، شىمال گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئېغىز تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەندى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دەۋر شارائىتىدا، ئوقۇتۇش، مەتبۇئات ھەم كىتابلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بىلىملەر پەقەت خەلق چۈشىنەلەيدىغان تىل ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۆلچەملىك تىل جانلىق ئېغىز تىلىنىڭ مۇۋاپىق تاللىشى ئارقىلىق بەلگىلىك قېلىپ ئاساسىدا شەكىللەنگەندى.

ئۆلچەملىك تىلنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بىر قىسىم مىللىي زىيالىيلار ۋە خەلق يازغۇچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلىرى ئىدى. رۇس تىلى ئارقىلىق ئۆزىنى موللاشتۇرۇش ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىكى ناھايىتى تەبىئىي بىر ھادىسە ئىدى⑦.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە چەت ئەللەردىكى (جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى) ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئوخشىمىغان ئامىللاردىن يەنە مۇنۇلار بار. كېيىنكىسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئۇلار ھازىر پەقەت ئىككى يېزىقنى ئىشلىتىشكە تەييارلىق قىلماقتا. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يېزىقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات ئەنئەنىسگە ئىگە. 1930 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلەتكەن (ئەڭ دەسلەپ 28 ھەرپ بار ئىدى. 1925 ـ يىلى 29 غا كۆپەيتىلدى). 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار رۇس يېزىقى(سىلاۋىيان يېزىقى بىلەن يېزىلغان) [41 ھەرپ بار]⑧ ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان يېڭى يېزىقنى ئىشلەتكەن.

يۇقىرىدىكى دېيىلگەن ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا روشەن ئىككى ئالاھىدىلىك بار. بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ساقلانغاچقا، بىزنى ئۇيغۇر تىلىنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەپ بۆلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى ئۆزىدىكى تەرەققىيات يولىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئوخشىمىغان تاشقى شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار جانلىق ئېغىز تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتتىن بالدۇر باشلانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق تۈركولوگلاردىن ياقۇف (Yakuf)، بىچۈرىن (Bičuren)، كازېمبېك (Kazembik)، پانتۇسوف (Pantusov)، ئېلىمىنىسكىي (Iliminskiy)، رادلوف (Radlof) قاتارلىقلار قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر نۇرغۇنلىغان چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن چوڭقۇر بايان قىلىنغان. سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىرى رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسگە ۋارىسلىق قىلغان. بۇ ئەنئەنە ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۈنۈمۈرسال تەتقىق قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ تەھلىل قىلىشتۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، پەقەت بىر قىسىم ئالىملار ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن موسكۋا، لېنىنگراد، تاشكەنت ۋە ئالماتادىكى پەن تەتقىقات ئاكادېمىيەلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرشۇناسلىق

تەتقىقات ئورگانلىرى قۇرۇلغان. پۇتكۇل ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قازاقىستان تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى ۋە تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا 1946 ـ يىلى مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى، ئەدەبىياتى، تارىخشۇناسلىقى، ئىرقشۇناسلىقى ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىلىملىرى بويىچە تەتقىقاتلار قىلىندى. بۇ مەخسۇس بۆلۈملەر لاتىن يېزىقىدىن سىلاۋىيان يېزىقىغا ئۆتۈش خىزمىتىگە تەييارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈپ بەردى. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ بۆلۈملەر يەنە قازاقىستان قارىمىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ـ تۇڭگان مەدەنىيەت بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن.

يەنە سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىدىغىنى شۇكى، مەركەز ئىلىم ئورۇنلىرى بىلەن يەرلىكتىكى ئىلىم ـ پەن خادىملىرى ياخشى ئۆتۈپ، تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى(بۇ ئالاھىدىلىكلەر مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى تۈرك تىلشۇناسلىقىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئىدى).

س . ئى . مالوف 1909 ـ يىلى ۋە 1911 ـ يىلى، 1913 ـ يىلى ۋە 1915 ـ يىلى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىپ ساياھەت قىلغان. ساياھەت جەريانىدا ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۈركىيلەردىن يۇغۇرلار، قومۇللۇق، لوپنۇرلۇق، قەشقەرلىك (بۇ دەۋرلەردە گەرچە يۇرت ئايرىمىسى بىلەن مۇشۇنداق ئاتالغان بىلەن ئۇنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلى دەپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك ــ تەرجىماندىن) ۋە سالالارنىڭ تىلىغا دائىر كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئارىسىدىكى شائىرلار ۋە سەنئەتچىلەر ئىجاد قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر قىسىم تۈركىيلەرنىڭ تارىخشۇناسلىق ۋە گۇمانىتار پەنلەرگە دائىر ماتېرىياللىرىمۇ يىغقان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرشۇناسلىقتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

مالوفنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ساياھىتى ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىقنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر گۇمانىتارلىق ئىلمىگىمۇ ئاساس سالدى. مالوف دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلدى (مەسىلەن، يۇغۇرلار، قومۇللۇقلار، لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىلى قاتارلىقلارنى).

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە بۇلارنى ئېلان قىلىش خىزمەتلىرى باشتىن ـ ئاخىر مالوفنىڭ ئىسمى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتتى. ئۇ 1910 ـ يىلىدىكى ساياھىتىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن «ئالتۇن ياروق» Altun Yaruq)، تولۇق ئىسمى ئالتۇن يارۇقلۇق يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئېلىگ ئاتلىق نوم بېتىگ)نى بايقىدى. كېيىن بۇ قول يازما رادلوف ۋە مالوفلار بىرلىشىپ تۈزگەن «بۇددىزىمشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر مەجمۇئەسى» (Bibliach Ecabuddice)دە ئېلان قىلىنغان (بۇ مەجمۇئە 1913 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە ئىزچىل نەشر قىلىنغان)⑨. مالوفنىڭ قانۇنغا دائىر ۋەسىقىلەرنى ئېلان قىلىش جەھەتتىكى خىزمىتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ خىزمەت رادلوفتىن باشلانغانىدى. مالوف شىنجاڭدىكى بىر قىسىم دىيالېكتلارنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بۇ ۋەسىقىلەرنى يەشكەندە بەرگەن ئىزاھات ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى تۈزىتىپ بۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. مالوفنىڭ ياردىمىدە نەشر قىلىنغان رادلوفنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» (1928 ـ يىلى نەشر قىلىنغان)⑩ ناملىق ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆز، تۈزىتىلمە، تولۇقلىما ۋە ئىزاھاتلار ئۇيغۇر تىلىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىلىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇبرانوۋا مۇنداق كۆرسەتكەن: بۇ ئەسەر كۆپلىگەن تىل ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ قەدىمكى

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى يېشىپ ئوقۇشتىكى ئىككى تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ. يەنە بۇلار رادلوفنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلى(بولۇپمۇ ئالتايدىكى ھەرقايسى تۈركىي تىللار) تەتقىقاتى ئاساسىدا بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ يىل ـ دەۋرنى يېشىشى مالوفنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئاساسىدا بۇ ۋەسىقىلەرنى تەرجىمە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ يىل ـ دەۋرنى يېشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، كىتابنىڭ مالوفقا تەئەللۇق بولغان قىسمى تېخىمۇ زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە[11]. مالوف يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنغا دائىر بىر قىسىم يېڭى ۋەسىقىلەرنىمۇ ئېلان قىلغان[12].

مالوفنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تەتقىقات داۋامىدا، ئۇ بۇ ۋەسىقىنىڭ ئۈچ قول يازمىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋىيېننا نۇسخىسى، ئەرەب يېزىقىدىكى نەمەنگان ۋە قاھىرە نۇسخىسى)نى سېلىشتۇردى. مالوف يەنە رادلوف ۋە باشقا تۈركولوگلار بۇ ئەسەرنىڭ قالدۇرۇپ قويغان قىسمەن يەرلىرىنى يېشىپ ئوقۇدى ۋە تەرجىمە قىلدى[13].

مالوفنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى ئەسىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ بۇلارنىڭ لېكسىكىسىغا دائىر ماتېرىياللارغا ئالاھىدە قىزىققان. ئۇنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتىنى تۈزۈش ئۈچۈن يىغقان كارتىلىرى ھازىر قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا. ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە خۇشاللىنارلىق بىر ئىش شۇكى، ئۇلار مالوفنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شۇغۇللانغان تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق بېيىغان. مالوفنىڭ بۇ خىزمەتلىرى كەڭ دائىرىدە ئۇنىۋېرسال تارىخشۇناسلىق، فىلولوگىيە، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. مالوفنىڭ تارىخ، تىلشۇناسلىق بويىچە بايان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تولۇقلانغان بۇ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى تۈركولوگىيەنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈركولوگىيە خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ياش تۈركولوگلارنى تەربىيەلىگەن ۋاقىتتا، بۇ ماتېرىياللار ئۇلارنىڭ فىلولوگىيە(ئەدەبىياتشۇناسلىق) بويىچە كەڭ دائىرىدە تەربىيەلىنىشىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ياش تۈركولوگلارنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىدە ئۈلگىلىك رول ئويناپ، ئۇلارنى تەتقىقات خىزمىتى داۋامىدا ئىنچىكىلىككە ۋە توغرىلىققا ئادەتلىنىشكە دەۋەت قىلغان[14].

مالوفنىڭ ئوقۇغۇچىسى، فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە كاندىدات دوكتور (رۇسىيەدە ماگىستىرلىققا تەڭ ــ تەرجىماندىن ئىزاھات) تېنىشېۋ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىدە مالوفنىڭ «ئالتۇن يارۇق»نىڭ قول يازمىسى ھەققىدىكى ئەسىرىنىڭ تېگىشلىك يەرلىرىنى تولۇقلىغان[15].

يېقىنقى ئون يىلدا، مالوف شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈشلىرى داۋامىدا يىغقان ماتېرىياللار ئاساسىدا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىيالېكتى» (1954 ـ يىلى)، «لوپنۇر دىيالېكتى» (1956 ـ يىلى)، «يۇغۇر تىلى» (1957 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. مالوف خېلى بۇرۇنلا يەنە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دىيالېكتلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلغان[16].

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى پىروفېسسور بورۇۋكوف[17]، ناسىلوف[18] ۋە باسكاكوف[19] قاتارلىق پىروفېسسورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

بورووكوفنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى كىتابى تۇنجى بولۇپ سىلاۋىيان يېزىقىدا نەشر قىلىنغانىدى. بۇ كىتاب ئىلمىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ناسىلوفنىڭ گىراماتىكا ھەققىدىكى كىتابى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى (قەشقەر دىيالېكتى) بىلەن يېزىلغانىدى. ئەمما، ئاپتور يەنە

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ تەھلىل قىلغان. باسكاكوفنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى كىتابى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان پەرقىنىمۇ بايان قىلغان.

بۇ ئۈچ ئەسەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە مورفولوگىيەلىرى ھەققىدە توختالغان. گىراماتىكىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى مۇھىم تارماق ئىچىدە مورفولوگىيە جىقراق ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما، ناسلوفنىڭ «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق ئەسرىدە لېكسىكىنى مورفولوگىيەنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. ناسلوف «گىراماتىكا ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇرشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى»⑳ ھەمدە «خەۋەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى جۈملىلىرىدىكى رولى»㉑ ناملىق ماقالىلىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەسىنى ئالاھىدە بايان قىلغان. بۇ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناسلوفنىڭ ئەسىرى «تىلشۇناسلىقتىكى يېڭى تەلىمات»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تاراسپنكونىڭ كاندىدات دوكتورلۇق ماقالىسى «ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچە بىرىكمىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى»㉒دە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مىلىيوفنىڭ كاندىدات دوكتورلۇق ماقالىسى㉓دە پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىلىق خاراكتېرى تەتقىق قىلىنغان. بۇ تۈركىي تىللىرىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ قىزىقارلىق ساھەلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇشاكوف ئۆزىنىڭ قىزىقارلىق ماقالىسىدە Gan ㉔ سۆزىنىڭ مورفولوگىيەلىك فۇنكسىيەسىنى تەتقىق قىلغان. سەئىدۋاققاسوف㉕، ئىسمائىلىيوف㉖ ۋە سەيفۇلىن㉗ نىڭ دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرىدە لېكسىكا ۋە لېكسىكولوگىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىنغان. ئۇلار بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرى بىلەن تەتقىق قىلغان. ئۇلار ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى، لېكسىكا ھەمدە ئىدىيوم قاتارلىقلارنى ناھايىتى پىششىق ۋە مول بولغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىلگىرى تەتقىق قىلىنمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان. سەئىدۋاققاسوفنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇر تەركىبلىرىنى سېلىشتۇرۇش، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا قىلغۇچى ۋە غەيرىي پەيدا قىلغۇچى سۆز تەركىبلىرىنى بېكىتىش، رۇس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش قانۇنىيىتى ھەم مۇھىم بولغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دېگەندەك بىر قاتار ئۇسۇللىرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى.

ئىسمائىلىيوفنىڭ رۇس تىلىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنىڭ موللىشىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. سەيفۇلىننىڭ ماقالىسىمۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىدىيوملىرى ھەققىدىكى لۇغىتى ئىككى مىڭدەك ئىدىيومنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

لېكسىكا تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان لۇغەت تۈزۈش خىزمىتىگە دائىر بىلىرىدىن يۇداخىننىڭ «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»㉘، باسكاكوف بىلەن ناسلوفنىڭ «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»㉙، سونۋازوف بىلەن شەمىيېۋانىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»㉚ ھەمدە رەخىموف باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»㉛ قاتارلىقلار بار.

بۇ لۇغەتلەرگە تۈنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لېكسىكىسى كىرگۈزۈلگەن. ئەمما، باسكاكوف بىلەن ناسلوفنىڭ «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»ى بىلەن ئالماتادا تۈزۈلگەن «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»تە ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمىر نەجىپ «ئۇيغۇر تىلى»㉜ ناملىق كىتابىغا قوشۇمچە سۈپىتىدە بەرگەن «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» قىسمى ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە. گەرچە ئۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بىز يۇقىرىدا دېگەن لۇغەتلەردە يوق بولغان سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن.

ھازىر ئالماتادىكى ئۇيغۇر ـ تۇڭگان مەدەنىيەت باشقارمىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتىنى يېڭىدىن تۈزۈۋاتىدۇ. ئۇ 50 مىڭدىن ئارتۇق تاق سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن[33]. موسكۋا ۋە لېنىنگرادتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنىدىكى ئىلمىي خادىملاردىن ئەمىر نەجىپمۇ «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»نى تۈزۈۋاتىدۇ[34].

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى باشقا پەن تارماقلىرىغا ئوخشاش يەنە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىن يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر تارماقتۇر. بۇ يەردە ئاكانىنانىڭ غايەت زور بىر ئىلمىي پائالىيىتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ كاندىدات دوكتورلۇق ماقالىسىدە قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ۋە ئالماتانىڭ چېلەك رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلغان[35]. ئاپتور ئاساسلىق دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۇ تەتقىق قىلىدىغان دىيالېكتنىڭ فونېتىكىسى ۋە ئىلى دىيالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق قېلىپىغا مەركەزلەشتۈرگەن. ئۇ ئۇرغۇ، ھەرىكەتچان ئۇرغۇ، ئۆزگىرىشچان ئۇرغۇ (بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر)، ئۇلانما ئۇرغۇ قاتارلىقلارغا ئالاھىدە قىزىققان. بۇ ئۇنىڭ تۈرك تىلىدىكى ئۇرغۇ ۋە ئىنتوناتسىيە ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئىلگىرى بۇ جەھەتتە ھېچكىم تەتقىق قىلمىغان. مورفولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە ئۇ ئۆلچەملىك تىل قېلىپىدىن ئايرىلغان ئالاھىدە ھادىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئاپتورنىڭ تەتقىقاتى يەنە ئۇ ئۆزى تەتقىق قىلىدىغان دىيالېكتنىڭ فونېتىكا، گىرامماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاددىي يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

دىيالېكت ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مول ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىشى تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتى مالوفنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئەمما، تىلشۇناسلىقتىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىمۇ باشقا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەسىلەن، ئۇ تىل ۋە مىللەتنى تەتقىق قىلىش تارىختا ئۇچراشقان تۇغقان تىللار ياكى يېقىن تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆرسىتىدىغان رولىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى.

پىروفېسسور يۇداھىننىڭ ماقالىسىدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تۇغقان تىللاردىن ئۆزبېك تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رولى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان[36]. ئاپتور ماقالىسىدە بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت، پەرغانە دىيالېكتى ھەمدە قازاقىستاندىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەرقايسى دىيالېكتلىرىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ماقالىنىڭ تارىخ، فىلولوگىيە (ئەدەبىياتشۇناسلىق) ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىدى. سوۋېت تۈركولوگلىرىدىن نوۋگىرود بۇ ھەقتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە بۇنى ئۇنۋان ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىشلىدى[37].

ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بولۇشى بىلەن باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي ئالاقە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەردە بۇ مەسىلە ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار قىلىنمىغان.

شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان نوۋگىرود خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا كامىل. ئۇ تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر مەسىلىسىنى

چوڭقۇر ۋە ئىلمىي تەتقىق قىلدى. ئۇ بۇنىڭدا كىرمە سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى، فونېتىكىشۇناسلىق ۋە مورفولوگىيە قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسى قىسىمدىن كىرگەنلىكىنى ئېنىقلىدى. ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان ئوبرازلىق ئەدەبىيات مەسىلىسىمۇ مۇستەقىل ھالدا تەتقىق قىلىندى. بۇ ئەسەر ناھايىتى زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى خىزمىتىدىمۇ ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، نوۋگىرودنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقىدا ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر تۈرلۈك تەتقىقات پائالىيىتىنى ئاچقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئىسمائىلىيوفنىڭ ماقالىسىدە «ئۇيغۇر تىلىدىكى رۇسچە، سوۋېتچە ۋە خەلقئاراچە كىرمە سۆزلەر»دە ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇس تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان⑧.

ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تەتقىقاتلارنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىكىدەكتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلار مەملىكىتىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرشۇناسلار ئىشلەتمىگەن ياكى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىلمىي بولغان گىرامماتىكا، ئۆلچەملىك تىل لۇغەتلىرى، ئىلمىي ئاتالغۇلار لۇغىتىنى تۈزۈش، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ تەسىر مەسىلىسىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا كۆچمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ۋەزىپىلەر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلار بەلگىلىك دەرىجىدە بۇ ۋەزىپىنى تاماملىدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① بۇ ماقالە ئەسلىي «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى مەسىلىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 107 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسلىي نامى «ئۇيغۇر تىلى» ئىدى. نامىنى تەرجىمان «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇ ماقالە گەرچە بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇنقى ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتى بار.

② بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار 19 ـ، 20 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدىن رۇسىيەگە كۆچۈپ كەلگەن.

③ ئايشەم شەمىيېۋا: «سىلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىملا قائىدىسى»(تېزىس)، ئالماتا، 1947 ـ يىلى، 4 ـ بەت.

④ مالوفنىڭ تارىخ قارىشى بويىچە ئۇيغۇر تىلىنى بىرقانچە گۇرۇپپىغا ئايرىشقا بولىدۇ. جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدە ياشايدىغان يۇغۇرلارنىڭ تىلى قەدىمكى تۈركىي تىلى گۇرۇپپىسىغا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (ئاساسلىقى 5 ـ ۋە 13 ـ ئەسىرلەردىكى بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە مانى دىن ۋەسىقىلىرى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ) قەدىمكى تۈركىي تىلى گۇرۇپپىسىغا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىقى شىنجاڭ (قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق بوستانلىقلاردىكى ھەرقايسى تىللار) ۋە ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى تۈركىي تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە. بۇ ھەقتە مالوفنىڭ 1952 ـ يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى»گە بېسىلغان «قەدىمكى تۈركىي تىلى ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللار» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

⑤ مالوف: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، موسكۋا، لېنىنگراد، 1951 ـ يىلى، 105 ـ بەت.

⑥ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆلچەملىك تىلىنىڭ ئاساسلىق دىيالېكتى مەركىزىي دىيالېكتى بولۇپ، ئىلى دىيالېكتى بولسا ئۆلچەملىكتۇر (تەرجىماندىن ئىزاھات).

⑦ ئاتانىنا: «قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتى»، موسكۋا، 1950 ـ يىلى، كاندىدات دوكتورلۇق ماقالىسى.

⑧ 33 رۇس ھەرپى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەخسۇس سەككىز تاۋۇشنى تولۇقلىغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن 41 ھەرپ شەكىللەنگەن. بۇ ھەقتە ئايشەم شەمىيېۋا بىلەن مەخمۇتوفنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆلچەملىك ئىملا قائىدىسى مەسىلىسى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇر ـ تۇڭگان مەدەنىيەت بۆلۈمى نەشرىياتى، 1950 ـ يىلى نەشرى.

⑨ «ئالتۇن يارۇق» ھەققىدىكى ئۈچۈرلارنى رادلوف بىلەن مالوف تۈزگەن «بۇددىزم مەجمۇئەسى»نىڭ 17 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

⑩ مالوف: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، لېنىنگراد، 1928 ـ يىلى نەشرى.

⑪ ئۇبرانوۋانىڭ مالوفنىڭ يەتمىش بەش ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەپ يازغان ماقالىگە قاراڭ. بۇ ماقالە «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى»نىڭ 1955 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا (ئومۇمىي 14 ـ سان ياكى جىلد) بېسىلغان، 96 ـ بەت.

⑫ مالوف: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى توختام ھۆججىتى»، «بارتولدنىڭ دوستلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، 1927 ـ يىلى، تاشكەنت. بۇ ھەقتە يەنە «ئوردېنبورگ بايقىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما» ناملىق ماقالىگە قاراڭ، بۇ ماقالە «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى خاتىرىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن، 1932 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑬ مالوف: «قۇتادغۇ بىلىك،نىڭ ئۈچ قول يازمىسى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى»نىڭ 1929 ـ يىللىق 8 ـ سانىغا بېسىلغان.

⑭ مالوف: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن نەمۇنىلەر»، 1926 ـ يىلى، تاشكەنت.

⑮ تېنىشېۋ: «،ئالتۇن يارۇق،تىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ تېزىسلىرى»، 1953 ـ يىلى، لېنىنگراد، ماگىستىرلىق ماقالىسى.

⑯ مالوف: «شىنجاڭدىكى ئاھالىلەر»، 1928 ـ يىلى، لىنىنگراد، «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى»، 1934 ـ يىلى، لېنىنگراد.

⑰ بورووۋكوف: «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى»، 1953 ـ يىلى، لېنىنگراد.

⑱ ناسلوف: «ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، موسكۋا، 1940 ـ يىلى.

⑲ باسكاكوف: «ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ تېزىسلىرى»، باسكاكوف ۋە ناسلوف بىللە تۈزگەن «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»، موسكۋا، 1939 ـ يىلى.

⑳ ناسلوف: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېپشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى»، «شەرق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەردىن توپلام»، 3 ـ قىسىم، 1946 ـ يىلى، موسكۋا.

㉑ ناسلوف: «خەۋەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى جۈملىلىرىدىكى رولى»، «شەرق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەردىن توپلام»، 1 ـ قىسىم، 1939 ـ يىلى، موسكۋا.

㉒ تاراسېنكو: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇمچە تەركىبلىك مۇناسىۋىتى»، 1950 ـ يىلى، موسكۋا، ماگىستىرلىق ماقالىسى.

㉓ مىلىيوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرىكەتنام»، 1953 ـ يىلى، موسكۋا، ماگىستىرلىق

ماقالىسى.

㉔ ئۇشاكوف: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹Юan›» نىڭ مورفولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى» (شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا يېزىلغان)، 1956 ـ يىلى، موسكۋا، ماگىستىرلىق ماقالىسى.

㉕ سەئىدىنۋاققاسوف: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى»، 1956 ـ يىلى، ئالماتا، ماگىستىرلىق ماقالىسى.

㉖ ئىسمائىلىيوف: «ئۇيغۇر تىلىدىكى رۇسچە ۋە خەلقئاراچە كىرمە سۆزلەر»، 1953 ـ يىلى، لېنىنگراد، ماگىستىرلىق ماقالىسى.

㉗ سەيفۇللىن: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىيوملار»، 1953 ـ يىلى، لېنىنگراد، ماگىستىرلىق ماقالىسى.

㉘ يۇداھىن: «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»، 1938 ـ يىلى، موسكۋا.

㉙ باسكاكوف ۋە ناسىلوف تۈزگەن: «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت» (1200 سۆزلۈك)، 1939 ـ يىلى، موسكۋا.

㉚ سۇنۋازوۋ بىلەن شەمىيېۋانىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (21000 سۆزلۈك بار)، 1955 ـ يىلى، ئالماتا.

㉛ رەھىموف باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (30 مىڭ سۆزلۈك بار)، 1956 ـ يىلى، موسكۋا.

㉜ ئەمىر نەجىپ: «ئۇيغۇر تىلى» (رۇسچە نەشرى)، 1954 ـ يىلى، موسكۋا.

㉝ ئايشەم شەمىيېۋا: «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىكى بىرقانچە مەسىلە»، «ستالىننىڭ تىل ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ تەسىرىدىكى قازاقىستاندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى تەتقىقاتىدىكى مەسىلىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1952 ـ يىلى، تاشكەنت.

㉞ ناسىلوف: «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، بۇرۇنلا نەشردىن چىققان (تەرجىماندىن ئىزاھات).

㉟ ئاكاننا: «قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتى»، موسكۋا، 1954 ـ يىلى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر تىلى ئىلى دىيالېكتىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش مەسىلىسى» ناملىق يەنە بىر ماقالىسى بار، بۇ ماقالە «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى»نىڭ 1954 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان، ئالماتا.

㊱ يۇداھىن: «ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى»نىڭ 1950 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

㊲ نوۋگىرود: «ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە تەركىبلەر»، 1951 ـ يىلى، موسكۋا.

㊳ بۇ ھەقتە ㉖ ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

(ئاپتورى: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەمت سامساق

# بېخىل باي بىلەن دانا موللام

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا قەدىمىي بىر يۇرت بار بولۇپ، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ جان باقىدىكەن. ئۇچار قۇشلار، قۇرت - قوڭغۇزلار، توخۇ - تۇمانلارمۇ مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئەتراپتىكى يېشىللىقتىن ئوت - چۆپ تېرىپ يەيدىكەن. «ئاخىر لاشمايدىغان زىياپەت يوق» دېگەندەك، بۇ كۆلنىڭ سۈيىمۇ بارا - بارا ئازلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى باللار كۆلگە قالايمىقان نەرسىلەرنى تاشلاپ، مال - چارۋىلار تېزەكلەپ، كۆلنى بۇلغاشقا باشلاپتۇ. ئاخىر كۆلنىڭ تېگى كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. يىللار ئۆتىۋېرىپ بۇ كۆل قۇرۇپ كېتىپتۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا قاپاقلاپ سۇ ئېلىپ كەتكەن كىشىلەر بۈگۈن قاپاقنى قۇرۇق كۆتۈرۈپ قايتىشىپتۇ.

— كۆلدە سۇ قالماپتۇ، — دەپتۇ باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ كۆلگە چەكچىيىپ قارىشىپ، ئەلنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. بارا - بارا كۆلدىكى پاتقاقلارمۇ ئاقىرىپ، ئەلنى سۇدىن غەمسىز قىلغان بۇ كۆل بىر پارچە ئاق يەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ. يۇرت خەلقى بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى باشقا بىر يۇرتنىڭ كۆلىدىن سۇ توشۇپ ئىچىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىراق، ئۇزاققا قالماي بۇ يۇرتلۇقلار «بىز بۇ كۆلنى كەتمەن چېپىپ كولىغان، سىلەرمۇ ئەركەك بولغاندىكىن ئۆزۈڭلار كۆل كولاپ سۇ ئىچىڭلار» دەپ سۇنى ئالدۇرمايدىغان بوپتۇ؛ ئامالسىز قالغان يۇرت خەلقى سۇنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ئىچىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىش يۇرت خەلقىگە ئېغىر كېلىپ، بەزىلىرى يۇرتنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ كۆلگە يېقىن جايدا ئولتۇرىدىغان بىر باي بار ئىكەن، ئۇنىڭ پىخسىقلىقتا داڭقى بولۇپ، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىكەن. بۇ باينىڭ سۇنى پۇلغا سېتىۋېلىشقا قارنى ئاغرىپ، كېچىسى قوشنا يۇرتنىڭ كۆلىدىن سۇنى ئوغرىلىقچە ئەكېلىپ ئىچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقا يۇرت خەلقى كۆلنى كېچىسى نۆۋەتلىشىپ باقىدىغان بوپتۇ. بېخىل باينىڭ بىر تېرە خالتىسى بولۇپ، ئىچىدە لىق تىللاسى بار ئىكەن، ئۇ تېرە خالتىنى كېچە - كۈندۈز قۇچاقلاپ ياتىدىكەن. ئەل - يۇرت كۆل كولاپ سۇ ئىچەيلى، كۈچى بارلار كۈچ چىقارسۇن، مېلى بارلار مال چىقارسۇن دېسە، بېخىل باي كۆلنىڭ بويىدا تۇرۇپمۇ بىرەر نەرسە چىقىرىشقا ئۇنىماپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باي كېچىدە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە قوينىدىن بىر يىلاننىڭ قېچىپ چىقىپ كۆل تەرەپكە كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ - دە، قورققىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. باينىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا دانىشمەن بىر موللام بار ئىكەن. موللام باينىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلسە، باي خۇدىنى بىلمەي ياتقۇدەك. دانىشمەن موللام:

— بېخىل بولسىمۇ بىر جان بولغاندىكىن قۇتقۇزۇپ قالاي، — دەپ باينى ئوڭشاپ ياتقۇزۇپ پەيلىرىنى ئۇۋۇلاي دەپ قارىسا، باينىڭ قوينىدا

يوغان بىر تېرە خالتا بولۇپ، ئىچىدە لىق تىللا تۇرغۇدەك.

— پاھ، قارا ماۋۇ باينىڭ شۇنچە كۆپ تىللانى قويندا تېرە خالتىدا ساقلىغىنىنى.

دانىشمەن موللام ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، نېمىلا بولسۇن بۇ تىللانى ساناپ باقاي دەپ ساناشقا باشلاپتۇ. بۇ مىڭ دانە تىللا ئىكەن. «يۇرت خەلقى سۇ تېپىش ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، مۇشۇ تىللانى ئىشقا سالساق كۆل كولىيالىشىمىز مۇمكىن، بىراق بۇ بېخىل باي بۇ تىللانى زادىلا بەرمەيدۇ. قانداق قىلساق بېخىل باينى ئۆزلۈكىدىن تىللانى بېرىشكە ماقۇل قىلغىلى، مىڭ تىللاسىنى كەملەتمەيمۇ كۆلنى چاپقىلى بولىدىغان بىر ئىشنى قىلغىلى بولار» دەپ ئۇزۇن باش قاتۇرۇپتۇ ۋە ئاخىرىدا مۇنداق چارە تېپىپتۇ. ئۇ تېرە خالتىدىكى مىڭ تىللانى بىر جايغا مەخپىي كۆمۈپ قويۇپ، تېرە خالتىغا داڭگال قاچىلاپ قويۇپتۇ، ئاندىن مىڭ تىللادىن بىر تىللانى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېرىققا تاشلاپ قويۇپتۇ. موللام كۆڭلىدە: «باي ھوشىغا كەلسە، ئۇنىڭغا ‹سىلىنىڭ تىللالىرىنى يىلان ئېلىپ كېتىپتۇ› دەيلى، ئىشەنمىسە ھېلىقى تىللا تاشلىنىۋەتكەن جاينى كولاپ كۆرۈشنى ئېيتايلى، كىشىلەر كولاپ بىر تىللانى تاپقاندىن كېيىن، بېخىل باي بۇ گەپكىمۇ ئىشىنىدۇ. ئاندىن ئالتۇن تىللالىرىنى كىم كولاپ تېپىپ بەرسە يېرىمىنى بېرىمەن دەيدۇ، دەپ ئۇچۇر تارقىتايلى، نامرات خەلق بەس - بەستە كۆلنى كولاپ ئالتۇن تىللا ئىزدىسۇن. شۇنىڭ بىلەن كۆل چوقۇم بۇرۇنقىدىن چوڭقۇر كولىنىدۇ. ئەگەر كۆلنى كولىغۇچىلار سەل بوشاپ قالسا، بىر كېچىدە يەنە بىر تال تىللانى چوڭقۇرراق كۆمۈپ ئەلنى يەنە كولاشقا دەۋەت قىلساق بىرەرسى ھېلىقى بىر تال ئالتۇن تىللانى تېپىۋالىدۇ - دە، كىشىلەر تېخىمۇ قاتتىق بەس - بەستە كولايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى بۇلاق كۆزى ئېچىلىدۇ. بىرلا كېچىدە كۆلگە لىققىدە سۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر تەبىئىي ھالدا كولاشتىن توختايدۇ. تىللا ئىزدەپ كۆل چاپقانلىقىغا رازى بولۇشىدۇ» دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، شۇ بويىچە ئىش قىلماقچى بوپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بېخىل باي ھوشىغا كېلىپ تېرە خالتىسىدىكى داڭگالنى كۆرۈپ يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ. باي ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، دانىشمەن موللام:

— سىلىنىڭ تىللالىرىنى يىلان ئېلىپ كېتىپتۇ. كۆلنىڭ ئەتراپىدا ياكى كۆلنىڭ ئىچىدە چوقۇم يىلاننىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزى بار. بىز ئاۋۋال شۇ ئېغىزنى تاپايلى، — دەپتۇ بېخىل بايغا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېرىقنى كۆرسىتىپ:

— مانا مۇشۇ يېرىق چوقۇم يىلاننىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئاغزى، سىلىنىڭ تىللالىرى چوقۇم مۇشۇ يېرىقتىن تېپىلىدۇ، — دەپتۇ.

— راست تاپتىلا موللام، راست ئىكەن! مانا بۇ بىر تىللا مېنىڭ تىللالىرىمنىڭ ئىچىدە بار ئىدى، — دەپ خۇشال بوپتۇ باي.

— باي بېگىم! — دەپتۇ دانىشمەن موللام يول كۆرسىتىپ، — سىلى يالغۇز كولىسىلا كولاپ بولالمايدىلا، يۇرتقا «مىڭ دانە تىللايىمنى يىلان ئەپقېچىپ كۆلنىڭ تېگىدىكى ئۇۋىسىغا ئەكىرىۋالدى، تاپقانلارغا يېرىمىنى رازىلىق بىلەن بېرىمەن» دەپ ئېيتسىلا، شۇنداق قىلساق تىللالىرى تېزرەك تېپىلىدۇ! — دەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ بېخىل باي، — ئۆزۈملا كولاپ تاپىمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ دانىشمەن موللام، — قېنى ئەمىسە كولىسىلا، لېكىن بۇ يەرنى كولاپ توپىسىنى يانغىلا تاشلىغان بىلەن يىلاننىڭ ئۇۋىسى بەك چوڭقۇر بولسا كېيىن بۇ توپىنى يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى چىققان توپىنى ئاۋۇ قىرغاققا ئاپىرايلى! شۇنداق قىلساق كېيىن ئوڭاي بولىدۇ.

باي ماقۇل بوپتۇ. بىرىنچى كۈنى ئۇ ئۆزى

يالغۇز كولاپتۇ، ئەتىسى ئادەم ياللاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئادەم كۆپەيتىپ كولاپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. باي مۇنداق كولاپ تىللانى تاپالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، يۇرت خەلقىنى بىرلىكتە كولاپ تىللا تېپىشقا چاقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پۈتۈن يۇرت، ھەتتا ياقا ـ يۇرتلاردىنمۇ كېلىپ تىللا كولاشقا باشلاپتۇ. دانىشمەن موللام ئۇلارغا كولىغان تۇپىنى قىرغاقتىن يىراققا تاشلاشقا دەۋەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش شۇنداق يۇرۇشۇپ كېتىپتۇكى، كىشىلەر كولىغان تۇپىسىنى غەلۋىردە تاسقاپ ئاچىقىدىغان بوپتۇ. كۆل كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلاپتۇ. دانىشمەن موللام بىر كېچىسى بىر تىللانى يەنە بىر چوڭقۇر يېرىققا تاشلاپ كۆمۈۋېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ بىر تىللا بىرسىگە ئۇچراپتۇ. ئەمدى پۈتۈن ئەل بۇ گەپكە تامامەن ئىشىنىپ، تىللا تېپىشقا بەس ـ بەستە ئاتلىنىپتۇ. بېخىل باي ھېلىقى بىر تىللانى تېپىۋالغان ئادەمگە بېرىۋېتىپتۇ. كۆل كولاپ تىللا تېپىش تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، بىر كۈنى كۆلنىڭ تېگى ئېچىلىپتۇ. ئەتىسى كىشىلەر كۆل كولاپ تىللا تېپىش ئۈچۈن كەلسە، كۆلدە ئادەم بويى بىلەن تەڭ سۇ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر خۇشاللىقىدىن تىللانىمۇ ئۇنتۇپ تاتلىق سۇنى ئۇچۇملاپ ـ ئۇچۇملاپ ئىچىشىپ، پۈتۈن يۇرت خەلقى كۆل بېشىدا بىر كېچە «كۆل مەشرىپى» ئويناپتۇ. بېخىل باي «تىللالىرىنى تاپالمايدىغان بولدۇم» دەپ يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆيىگە كىرىپ دۈم يېتىپ يىغلاپتۇ، ھەسرەت چېكىپتۇ. دانىشمەن موللام:

— باي غوجام، قاراپ باقسىلا، باياتىن سىلى دۈم يېتىپ يىغلاۋاتقاندا ھېلىقى يىلاننىڭ مانا ماۋۇ يېرىقتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، — دەپتۇ.

بېخىل باي كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، تېرە خالتىدا مىڭ تىللا ساپمۇساق تۇرغۇدەك. باي خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپتۇ. دانىشمەن موللام:

— باي بېگىم، سىلى قىلىدىغان بىر ئىش قالدى، — دەپتىكەن، بېخىل باي:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پۈتۈن يۇرت خەلقى تىللالىرىنى ئىزدىشىپ بەرگەندىكىن، يۇرت خەلقىگە چاي بەرگەيلا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللام.

بېخىل باي موللامنىڭ دېگىنى بويىچە پۈتۈن يۇرت خەلقىگە چوڭ زىياپەت بېرىپ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ. دانىشمەن موللامۇ ئۆز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن يۇرت خەلقىنى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بوپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى : كۇچا تارىم يېزا يېڭىدەريا كەنتىدىن ھاپىز بايىز)

(توپلاپ رەتلىگۈچى: كۇچا ناھىيەسى دۆڭقوتان بازىرى قاراڭغى 1 ـ كەنتتە)

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر

## پاراسەتلىك رەسسام

ناھايىتى پاراسەتلىك، ئەمما تولىمۇ زالىم بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئۇنىڭ سول پۇتى توكۇر، سول كۆزى كور ئىدى. پادىشاھ ئوردا رەسساملىرىغا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرماقچى بولدى ۋە ئوردا رەسساملىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ دېدى:

— سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرماقچىمەن. تەلەپ شۇكى، تەق ـ تۇرقۇم قانداق بولسا، شۇنداق سىزىلىشى، كېيىنكىلەر مېنىڭ سىمايىمنى ئەينەن كۆرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

رەسساملار پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا كىرىشتى. ئىككى كۈن بولغاندا ئاردىن بىرسى رەسىمنى سىزىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ، قولىدىكى سۈرەتنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن پادىشاھقا سۇندى. پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇ پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئەينەن ھالەتتە سول پۇتىنى توكۇر، سول كۆزىنى كور قىلىپ سىزغانىدى. رەسسامنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقۇپ كەتكەن يەنە بىر رەسسام پادىشاھنى كەم ـ كوتىسىز، زەبەردەس، بىر جۈپ كۆزى چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ھالەتتە سىزدى. پادىشاھ بۇ رەسسامنىمۇ ئۆز سۈرىتىنى ئەينەن سىزمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئىككى رەسسامنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەن رەسساملار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى، ئاردىن سالماق، تەدبىركار بىر رەسسام ۋەزىيەتنى تاماملىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ قولىدىكى سۈرەتنى تەزىم بىلەن پادىشاھقا سۇندى، پادىشاھ سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى ۋە بۇ رەسسامنى ئۈچ مىڭ تىللا ھەم شاھانە تون بىلەن تارتۇقلىدى. چۈنكى، ئىككى نەپەر بۇرادىرىنىڭ تەدبىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەقدىرىدىن ئەقىل تاپقان ئۈچىنچى رەسسام پادىشاھنىڭ سۈرىتىنى ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ھەم ئېينەن، ھەم يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇستىلىق بىلەن سىزغانىدى. يەنى رەسىمدە پادىشاھ شۇنداق تەسۋىرلەنگەنىدىكى، پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچرىغان، ئۇ كېيىككە ئوق ئۈزۈش ئۈچۈن سول پۇتىنى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول كۆزىنى قىسىپ قارىغا ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈشتە ئىدى.

## ساخاۋەت

ھەسەن ئىبنى ئەلىي، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىي ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ ئاچلىق ۋە تەشنالىق ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالغان پەيتتە، يول بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر چېدىرغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار چېدىر تۈۋىگە باغلاپ قويۇلغان بىر تاللا قوينى ۋە چېدىر ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرغان ئايالنى كۆردى. ئىبنى جەئفەر ئايالدىن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇدەك سۇ بېرىشنى سورىدى، ئايال جاۋاب بەردى:

— بۇ جەزىرىدە سۇ تېپىش بەك مۈشكۈل، ئېرىممۇ سۇ ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن، مۇساپىرلاردەك قىلىسىلەر، تەشنالىق سىلەرنى قىيناپتۇ، سەپەر ھاردۇقىمۇ يەتكەندەك قىلىدۇ، ئەنە ئاۋۇ باغلاغلىق تۇرغان قوينى سېغىپ سۈتىنى ئىچىڭلار، تەشنالىقىڭلارنى قاندۇرسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار چېدىر ئىگىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن قوينى سېغىپ سۈتىنى ئىچكەندىن كېيىن، بىرئاز ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولۇشتى ۋە ئايالدىن يەنە سورىدى:

— بىرقانچە كۈندىن بېرى بىرەر نەرسە يېگىنىمىز يوق، مەنزىل تېخى يىراقتا، بىزگە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بەرگەن بولسىڭىز.

ئايال دېدى:

— ئېرىممۇ ئىچكۈدەك سۇ، يېگۈدەك غىزا تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن، ھازىر ئەنە شۇ قويدىن باشقا ھېچنەرسىمىز يوق. ئەگەر مالال كەلمىسە قوينى سويۇپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەڭلار.

ئەلۋەتتە، ئاچلىقتىن قۇتۇلۇپ، مادارىغا كېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ئايالنىڭ ئىجازىتى بىلەن قوينى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى ۋە ئايالغا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىشىپ خوشلىشىۋېتىپ، مۇنداق دېدى:

— بىز قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولىمىز، ھەج قىلىش مۇددىئاسى بىلەن كېتىۋاتىمىز، ئەگەر بۇ بەشىنچى پەرزنى ساق ـ سالامەت ئادا قىلىپ يۇرتىمىزغا قايتىش نېسىپ بولسا، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، بىز تەرەپلەرگە مېھمان بولۇپ بارغايسىز.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئايالنىڭ ئېرى قايتىپ كەلدى، ئايال بولغان ۋەقەنى ئېرىگە سۆزلەپ بەردى. قولى قىسقا، نامراتچىلىق ئىچىدە سىرىقتال كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئەرنىڭ پىغانى ئۆرلەپ، جەھلى چىقتى ۋە ئايالىغا غەزەپ قىلدى:

— ئۆلۈم بولسۇن ساڭا، تونۇمىغان، بىلمىگەن ئادەملەرگە بار ـ يوقى بىر تاللا قويۇڭنى سويۇپ يېگۈزۈپ، ھېچبىر ئىش غېمىڭدە يوق «قۇرەيشلىكلەر ئىكەنەي» دەپ ئولتۇرغىنىڭنى قارا.

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتتى، بۇ نامرات ئەر خوتۇن تىرىكچىلىك غېمىدە مەدىنە شەھىرىگە كەلدى، ئۇلار دالادىن ئوتۇن تېرىپ شەھەرگە ئەكېلىپ سېتىپ، تاپقان پۇلى بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايال مەدىنەنىڭ مەلۇم بىر كوچىسىدا ئەكەلگەن ئوتۇننى سېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئايالنى ھەسەن ئىبنى ئەلىي كۆرۈپ تونۇپ قالدى ۋە خىزمەتكارىنى ئايالنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئايال كەلگەندىن كېيىن ھەسەن ئىبنى ئەلىي ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي ساخاۋەتچى، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

ئايال ئۇنى تونۇمىغانلىقىنى ئېيتتى، ھەسەن ئىبنى ئەلىي ئايالغا تونۇشلۇق بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مەن پالانى كۈندە، پالانى يەردە سىزنىڭ مېھمىنىڭىز بولغانمەن.

ئايال ھەيرانلىق ئىلكىدە جاۋاپ بەردى:

— ھە، سىز ئىكەنسىز ـ دە.

ھەسەن ئىبنى ئەلىي تەستىق ئىشارىسىنى قىلىپ تۇرۇپ ئايالنىڭ ھالۇ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ خىزمەتكارىنى بۇيرۇپ بازاردىن مىڭ تۇياق قوي سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا مىڭ دىنار قوشۇپ ئايالغا بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئايالغا خىزمەتكارىنى قوشۇپ ئۇكىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىيمۇ ئايالغا مىڭ تۇياق قوي ۋە مىڭ دىنار پۇل ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ ئايالغا خىزمەتكارىنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرمۇ ئايالنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن ھال سورىغاچ ھەسەن ئىبنى ئەلىي بىلەن ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىينىڭ ئۇنى قانداق رازى قىلغانلىقىنى سورىدى. ئايال مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككى مىڭ تۇياق قوي، ئىككى مىڭ دىنار پۇل ھەدىيە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر خىزمەتكارىغا بۇيرۇپ ئايالغا ئىككى مىڭ تۇياق قوي ۋە ئىككى مىڭ دىنار ھەدىيە قىلدى. ئۇ ئايالنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەگەر مەندىن باشلىغان بولسىڭىز، ھەسەن ئىبن ئەلىي بىلەن ھۈسەيىن ئىبن ئەلىينى قىيناپ قويغان بولاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ساخاۋەتچى ئايال ئېرىنىڭ يېنىغا تۆت مىڭ تۇياق قوي ۋە تۆت مىڭ دىنار پۇل بىلەن قايتتى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)

# مەمەت نەۋبەتنىڭ مىنىياتۇرا رەسىملىرىدىن




نەۋائىي غەزىلىگە مىنىياتۇرا (خوتەن قەغىزىگە سىزىلغان) 70X50cm